مەسنەۋىلەر گۈلىستانى

# كىشىگە ھايا ۋە ئەدەب - شەرەپتۇر

(ھەيرەتۇل - ئەبرار)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئامبىرى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# كىشىگە ھايا ۋە ئەدەب-شەرەپتۇر

(ھەيرەتۇل-ئەبرار)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابدۇلھەمىد ياسىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

人要以贞洁为重：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-756-6

I. 人… II.阿… III.维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024520 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　人要以贞洁为重
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　伊米提·亚森
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-756-6
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: كىشىگە هايا ۋە ئەدەپ شەرەپتۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابدۇلھەمىد ياسىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇاڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى:
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-756-6
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «كىشىگە ھايا ۋە ئەدەپ شەرەپتۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) نىڭ ھاياتى ۋە «ھەيرەتۇل ئەبرار» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىشىگە ھايا ۋە ئەدەپ ـــ شەرەپتۇر

قولۇمدا ئەل ئەمىر ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» ناملىق كىتابى. دىلىمدا نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىچكى مىجەز، نازۇك، غۇرۇر - ۋىجدانلىق پاكىز سىيماسى. تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى بولغان بۇ بۈيۈك ئەسەر مۇندىن بەش ئەسىر ئىلگىرىلا شۇ قەدەر زور ئۇتۇق ۋە شەرەپلەرگە نائىل بولغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىزىققۇچى دىللارنى سۆيۈندۈرۈپ، مەڭگە ئاشنالارغا ئابىھايات بولماقتا.

خىياللىرىم چوڭقۇرلۇقىدىن چىقمايلا سىرتتىن كىرگەن قىزىمنىڭ ناھايىتى سالماقلىق بىلەن:

ـــ دادا، نەۋائىي دېگەن كىم؟ ـــ دەپ سورىشى مېنى ئويدانلا چۆچۈتۈپ قويدى. بار خىيالىم ئاشۇ ئىلىم ساھىبىدا تۇرغىنىدا قىزىمنىڭ خۇددى خىيالىمنى بىلىۋالغاندەكلا شۇ ھەقتە سورىشى ماڭا ھەقىقەتەن غەيرىيلىك ھېس قىلدۇرغان ئىدى.

ـــ قىزىم، نەۋائىي توغرىلىق كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـــ مەكتەپتىن قايتقىچە ئاپتوبۇسقا ئىككى مويسىپىت

ئادەم چىقىپتىكەن، ئۇلاردىن بىرىگە ئورنۇمنى بوشىتىپ بەرگەن ئىدىم، ئۇلار رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن تاكى مەن چۈشۈپ قالغىچە ھەزرەت نەۋائىي ھەققىدە سۆزلەپ ماڭدى.

ــــ نېمە دەپ سۆزلەشتى؟ ــــ سورىدىم مەن قىزىقسىنىپ.

قىزىم ئېسىگە ئالماقچىدەك تۇرۇپ قالدى ۋە:

ــــ ھە، نەۋائىينى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىپتىخارى، ئۇلۇغ شائىر، شېئىرىيەتنىڭ پىرى دېدى، يەنە نەۋائىي يازغان «ھەيرەتۇل ئەبرار» دەپ بىر كىتابنىڭ گېپىنى قىلدى. نەۋائىينىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭە، دادا؟

قىزىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى. تېخى ھازىرلا نەۋائىي توغرىسىدا نازۇك تۇيغۇلارغا، گۈزەل ھېسلارغا چۆممىگەنمىدىم؟ ئەجدادلارنىڭ ياراتقان ئاشۇ گۈزەل ئەستىلىكلىرىدىن ئەۋلادلارنىڭ پەخىر تۇيغۇسىغا چۆمۈشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغان ئىدىم ـ ھە؟

قىزىمغا قارىدىم، ئۇ مەندىن ھەزرەت نەۋائىي، ئۇ يازغان «ھەيرەتۇل ئەبرار» توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردىن گەپ ئېچىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇ دەقىق مۇنۇلارنى ئويلىدىم، توختا، مەن ھەزرەت نەۋائىي توغرىسىدا مۇنداقلا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپلا ئۆتۈپ كەتمەي، نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانى ھەققىدىمۇ مۇنداقلا توختىلىپ قىزىمنىڭ ئىلمىگە تەشنا تۇيغۇلىرىنى ئالداپ قويماي، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرەي. شۇ ئوي بىلەن قىزىمنى يېنىمدا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغۇزدۇم ۋە سۆزۈمنى باشلىدىم.

— ماقۇل قىزىم، سىزگە نەۋائىي ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي، «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىكى قىزىقارلىق ھېكايەتلەردىنمۇ خەۋەردار قىلاي.

نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى بارلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى ئۇلۇغ خىزمەتلىرى ۋە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى بىلەن 15 ـ ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تەڭداشسىز زور تۆھپە قوشقان بۈيۈك شائىر ۋە ئالىم، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى، شۇنداقلا تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى.

ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا بەدىئىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇش ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە شېئىرلارنى يېزىپ، شائىرلىقنىڭ يارقىن ئۇچقۇنلىرىنى چېچىشقا باشلىغان. كېيىنچە ئۇ پەلسەپە، مەنتىق (لوگىكا) ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن سىرت، ئىسلام پەلسەپىسى، ئەرەبلەر ۋە شەرق مۇسۇلمانلىرى ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان ھەم بىرلىپ ئىجاد قىلىپ، تۈركىي ۋە پارس تىلىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىدا «نەۋائىي» (كۈي، ئاھاڭ، ئاۋاز، ئۈن، سادا، بايلىق) دېگەن مەنىلەردىكى تەخەللۇسنى، پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدا «فانى» (ۋاقىتلىق، يوقالغۇچى، ئۆتكۈنچى، تۈگىگۈچى) تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەرقايسى

ئەللەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، «نەۋائىي»، «فانى» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان ۋە «ئىككى تىل ئىگىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ ھەجمى ناھايىتى زور، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قىزىم، ئەمدى مەن سىزگە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەي.

## ئەلىشىرنىڭ ياشلىق دەۋرى

ئەلىشىر ھىجرىيە 844 ـ يىلى رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادىيە 1441 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) ھىراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىرنىڭ ياشلىقىدا زاماندىشى بولغان تارىخچى ھەيدەر مىرزا دوغلاتنىڭ ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئاتىسى كىچىككىنە باخشى دەپ نام ئالغان ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئۆز ئىپادىسىگە قارىغاندا، ئەجدادى يەتتە ئەۋلادتىن بېرى بارلاس ئەمىرلىرى، تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى كىچىككىنە باخشى يەنى، كىچىككىنە باھادىر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىقىش بىلەن بىرگە ئىلىم ۋە پەزىلەتتىن مەھرۇم قالمىغان ھەم ئوغلىنىڭ

تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان شەيخلەردىن باباكۆكى ئىسىملىك بىرسىگە تەۋە بولغانلىقى ھەم بوغۇم ۋەزنىدە شېئىر ئوقۇغانلىقى مەلۇم، ئەلىشىرنىڭ تاغىلىرى (ھىمايىچىلىرى) مىر سەئىد كابۇلى بىلەن مۇھەممەد ئەلى غەرىبمۇ تۈركىيچە شېئىرلارنى يازغان ۋە مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان ئەمىرلەردىن ئىدى. مىرسەئىدنىڭ ئوغلى مىر ھەيدەر سەبۇھىمۇ پارسچە ۋە تۈركىيچە شېئىرلارنى يازغان ئىدى. ئەلىشىر بىلەن بۇرادىرى دەرۋىش ئەلى بەگكە سۇلتان ھۈسەين بايقارا كۆكۈلداش (ئېمىلداش) ئىكەنلىكىنى سۇلتان ھۈسەين بايقارا قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. باشقا تەرەپلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەلىشىر سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. سۇلتان ھۈسەين بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە تەربىيە ئېلىش ئىشلىرىنى ئەبۇلقاسىم بابۇر شەخسەن ئۆزى تۇتقان ئىدى. ھۈسەين بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ئوبۇلقاسىم بابۇر ھايات چېغىدىلا پارسچە ۋە تۈركىيچە شېئىرلار يازغان ئىدى. ئۆزىمۇ شائىر بولغان ھۆكۈمدار ئەلىشىرنىڭ شېئىرلىرىغا قىزىقاتتى ھەم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ «ئوغلۇم» دەيتتى. ئەلىشىرنىڭ پارسىيغا قارىغاندا تۈركىيچە شېئىر يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىشىدە بىر جەھەتتە ئائىلە ئەنئەنىسى ۋە ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ بۇ جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، يەنە بىر جەھەتتىن ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ھەسەن ئەردەشىر ۋە بۈيۈك چاغاتاي

شائىرى مەۋلانا لۇتفى تۈركە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەزرەت نەۋائىي ئاجايىپ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىۋاتقان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى، ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بىر تۇغقانلار، ئاتا ـ بالا ئۆزئارا ئۆچەكەشتى. «ئىككى بۇغرا ئىكىشەر، ئارىدا كۆكۈيۈن يەنجىلەر» دېگەندەك، بۇنداق دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ زىيىنى يەنىلا خەلققە بولدى؛ ئىككىنچىدىن، نەۋائىي مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئاجايىپ گۈللەنگەن بىر دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ھازىرلىغان ئىمكانىيەتلەر ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرنى بەردى. ئۇ كىچىكىدىنلا زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ئالىملىرىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىگە نائىل بولدى. بەزى ئۇلۇغلارنىڭ تەۋەررۈك ئەسەرلىرىدىن بەھرە ئالدى. بەزىلەرنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەربىيىسىدە بولدى. بالىلىق چاغلىرىدىلا زامانىسىنىڭ كامالەت ئىگىسى مەۋلانا شەرەففىدىن ئەلى يەزدى بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. يەنە خوجا فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسنىڭ تەربىيىسىدە ئىككى يىل بولدى. ئەبۇللەيس سەمەرقەند ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، ئاتاقلىق فىقھى ئالىمى ئەۋلادىدىن ئىدى. فىقھى ئىلمىدە ئۇنى ئىككىنچى ئىمامى ئەزەم دەپ ئاتايتتى ۋە ئەرەبشۇناسلىق ئىلمىدە ئىبنى خاجەنىڭ باراۋىرىدە بىلىشەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلىرىمۇ، چاقچاقلىرىمۇ، سالام ـ سەھەتلىرىمۇ ھەتتا

كېسەل يوقلاشلىرىمۇ نەزم بىلەن يوغۇرۇلۇپ كېتەتتى.

بىر قېتىم ھەزرەت نەۋائى ئۇستازى مەۋلانا ئەلى شاشنى يوقلاپ باردى. ئەلى شاش دانىشمەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرى تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بارچە خەلق ئېتىراپ قىلاتتى. سەمەرقەند ئەھلى ئۇنى شەرەففىدىن ئەلى يەزدى بىلەن باراۋەر ھېسابلايتتى. ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەندكە بارغاندا ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، سىنىڭ پۇتۇڭدىن ئاغرىق، زەخمەتلەر يىراق بولسۇن، دۈشمەنلىرىڭگە بالا ـ قازا نېسىپ بولسۇن، دېگەن مۇئەممانى يېزىپ ئۇنىڭغا بەردى.

ئۇشبۇ شېئىرنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ نەۋائىينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىپتۇ ـ دە، «سەن مېنى كۆرۈپسەنۇ، مەن سېنى كۆرەلمەپتىمەن، سەن ماڭا بىر شىردەك كۆرۈندۈڭ ھەم شۇنداق بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن مۇئەممانى يېزىپ، بىر شاگىرتىدىن چۇشكەن ئورنىغا چىقارتىپتۇ.

نېمىدېگەن پەزىلەتلىك كىشىلەر ـ ھە، بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتىسىدىن كىممۇ ھەيران بولمىسۇن.

— ئۇ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن مويسىپىت تۇرۇقلۇق ئەجەبا سىزدەك بىر گۆدەكنىڭ مۇنازىرىسىدە يېڭىلىپ قالغانلىقىغا قانداقمۇ تەن بەرگەندۇ؟ — دەپ سورىغانلارغا

ھەزرەت نەۋائىي:

— ياق، ئۇ يېگىلمىدى، ئەكسىچە پەزىلەت جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكى بىلەن مەندىن غالىب كەلدى. ھەقىقەتنىڭ بېغى پەقەت بىرلا بولىدۇ. لېكىن ئۇ باغقا كۆپ ئىشىكتىن كىرىش مۇمكىن. پەزىلەت شۇنداق باغكى، ئۇنىڭغا كىرىدىغان پەقەت بىرلا ئىشىك بار. ئۇ ئىشىكتىن قېيىپ كەتسە ھەرگىزمۇ پەزىلەت بېغىغا كىرىش نېسىپ بولمايدۇ. بۇنداق پەزىلەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىك بىلەن مېنىڭ مەنىۋى كامالىتىمگە شوتا قويۇپ بەرگەن ئۇستازلار ئاز ئەمەس، — دېگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي يىگىتلىك دەۋرىدە بىلىملەرنى ئوقۇپ كامالەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مەۋلانا شاھابىدىن خىيابانىنىڭ قېشىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىمۇ يول تۇتقان ئىدى. ئۇ ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشى ئىدى. نەۋائىينىڭ ئەمدىلا شېئىرىيەتكە قەدەم قويغان چاغلىرىدا گۈزەل ئەستىلىك بولغۇدەك بىر ئىش يۈز بەرگەن. ئۇ بىر غەزەل يازغان. لۇتفى ھەزرەتلىرىنىڭ قېشىغا ئۇنى يوقلىغىلى بارغىنىدا لۇتفى ھەزرەت: «نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر غەزەلنى ئوقۇش بىلەن بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلغان. نەۋائىي شۇ چاغدا ھېلىقى غەزەلنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى.

ئارەزىڭ ياپغاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش.
بويلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.

www.uyghurkitap.com

مەۋلانا لۇتفى ھەزرەت بۇ غەزەلنى ئاڭلاش بىلەن ھەيرانلىق ۋە مېھرىبانلىق ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق دېگەن: «ۋەللاھ، ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون، ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتىمنى بۇ غەزەلنىڭگە تېگىشسەم، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى بۇ سودىدا ئۇتتۇۋالغان ھېسابلار ئىدىم.»

ئۇستازنىڭ مانا شۇنداق رىغبىتى ۋە كۆيۈنۈشى ئۇنىڭغا ئاجايىپ مەنىۋى ئىلھام بەخش ئەتكەن ئىدى.

يەنە شۇ زاماننىڭ ساھىبقىران پادىشاھى ھۈسەين بايقارا ئەلىشىر نەۋائىيغا ھامىيلىق قىلىپ، كۆپ رەھمەتلەرنى قىلدى. ئۇ نەۋائىينىڭ قىيامەتلىك دوستى بولۇپ، ئۇ ساھىبقىران ئىلىمنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە زامانىسىنىڭ سەردارى، سەلتەنەت دەرياسىنىڭ يېگانە گۆھىرى، شىجائەت ئورمانلىقىنىڭ شىر ئوۋلار ئارسلانى، ئادالەت چىمەنزارىنىڭ ئېگىز سەرۋىسى، پاساھەت ئالىمىنىڭ سېھىرلىك گۈچىسى، بالاغەت جاھانىنىڭ پالۋىنى ئىدى.

ھەزرەت نەۋائىي بىلەن سۇلتان ساھىبقىران ھۈسەين بايقارا توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.

ساھىبقىراننىڭ ھوزۇرىدا ناھايىتى كۆپ مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىلەر بولۇپ تۇراتتى. باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى بۇلۇت ئاشىق كۆزلىرىدەك ياش تۆكمەكتە. ھەربىر تامچە ياش گوياكى مەشۇق ۋەدىسىگە ئوخشاش مەۋھۇم رىشتىلەرنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. مۇشۇنداق كۈنلەردە ھەزرەت

نەۋائىيغا ئۆز زامانىسىدا خوراسان مەملىكىتىدە تۈركچە ۋە پارسچىدا سۆز پادىشاھى بولغان مەۋلانا لۇتفى ئۇچراپ قېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «بۇ يىگىتنىڭ تارلار ھاسىل بولۇپتۇ. ئەمىر خۇسرەۋ بىر ھىندىچە شېئىرىدا مۇنداق بىر ئاجايىپ نازۇك مەنىنى بايان قىلغانىكەن: باھار كۈنلىرىدىن بىرىدە مەشۇق بىر تەرەپكە مېڭىپتۇدەك، يامغۇر تۈپەيلىدىن يەر پاتقاق بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئايىغى پاتقاقتا تېيىلىپ كېتىپ، ئۆزى يىقىلاي دېگەندە، ئۇ مەشۇق ناھايىتى زىلۋا ھەم نازۇك بولغانلىقتىن يامغۇردىن ھاسىل بولغان رىشتىنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنى رۇسلىۋاپتۇدەك»، ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىي بۇ مەنىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ خىسراۋنىڭ بۇ نازۇك تەسەۋۋۇرىغا ئاپىرىنلار ئېيتىپتۇ ۋە بىر كۈنى بىر مۇھاكىمە مۇناسىۋىتى بىلەن سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئالىي مەجلىسلىرىدە بۇ سۆزنى بايان قىلىپ، لۇتفىدىن ئاڭلىغان شۇ مەنىنى بۇ يەردە ئېيتقان، ئەمما سۇلتان ئېتىراز بىلدۈرگەن. سۇلتان سۆزىدە: «ئۇ يامغۇر تامچىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان رىشتىنىڭ ھالىتىمۇ شۇ خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا بولالمىغانلىقى ئېنىق. رىشتە (يىپ) يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ھالدا ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى يىقىلىشتىن قوغداپ قالالىشى ناتايىن، ئېتىراز بىلدۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ» دېدى. ئۇ ھەزرەت بۇ قارشى پىكىرنى ئېيتقاندىن كېيىن، پېقىر بىلدىمكى،

ھەممىمىز يېڭىلىشىپتۇق. يۇقىرىقى پىكىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز تالانتىمدىكى كەمچىلىككە تەن بەردىم»، مانا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دوستى سۇلتان ھۈسەين بايقارانىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ نەۋائىيغا قىلغان ئىلتىپاتلىرى توغرىسىدىكى ئاجايىپ قىسسەلەردىن بىرى.

نەۋائىي ياشىغان دەۋردە ئىلىم ساھىبلىرى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن يېتىشىپ چىقىپلا قالماستىن، يەنە ئاۋامدىنمۇ نۇرغۇن ئىستېبدات ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان. لۇتفى ھەزرەتلىرىمۇ غۇربەتلىك تۇرمۇشتا ياشاپ شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەۋلانا جەۋھەرى دېگەن بىر شائىرمۇ شۇ دەۋردە سوپۇنخانا باشقۇرغۇچى ئىدى. ئۇ شۇنداق جاپالىق شارائىتتىمۇ ئىلىم ئۆگىنىشنى تاشلىمىغان، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىشنى قولدىن بەرمىگەن، ئۇ سوپۇنخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ھۇجرا ياسىغانىدى. ئۇ ئەرۇز ئىلمىنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەۋلانا خاۋەرى دېگەن كىشىنى ئالساق، ئۇ قاداقچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. خېلىلا تالانتى بار ئىدى. نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يازغانىدى. سەمەرقەندتە تۇرىدىغان مەۋلانا مىرقەرشى دېگەن بىرەيلەنمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ بازاردا كىتابخانىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ كىتاب دۇكىنىغا شائىرلار، ئالىملار يىغىلاتتى. مەۋلانا بۇ شائىر ۋە ئالىملارنى ئۇستاز دەپ ھېسابلايتتى. دېمەك، شۇ دەۋر كىشىلىرى ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر جاپالىق شارائىتتا ئىجاد ئېتەتتى.

## نەۋائىينىڭ ھايات يولى

قىزىم، ئەمدى سىزگە ھەزرەت نەۋائىينىڭ ھايات يولىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ بۈيۈك پېشۋا شائىرىمىزنىڭ تارىختا قالدۇرغان ئىزلىرىنى، شۇنداقلا ھازىرقى ياش ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆلگە بولغۇدەك ھالدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى بايان قىلايلى.

مىلادىيە 1447 - يىلى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئۆلۈرىسىدا كەسكىن تەخت تالىشىش كۆرەشلىرى ئەۋج ئالدۇ. پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئۇنىڭ مەركىزى بولغان نەۋائىينىڭ ئەزىز يۇرتى ھىرات شەھىرى جەڭگى - جېدەل ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدۇ. ھەممە تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ خەلق جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ پاناھ جاي ئىزدەپ غەرب تەرەپتىكى ئەللەرگە يول ئالدۇ. ئۇلارنىڭ كارۋىنى ئىراقنىڭ تەفت دېگەن بازىرىغا كەلگەندە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختايدۇ. بۇ يەردە ياش ئەلىشىر تاسادىپىيلا ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك تارىخچىسى مەشھۇر ئەسەر «زەپەرنامە» نىڭ مۇئەللىپى شەرەففىدىن ئەلى يەزدى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەت ياش ئەلىشىرنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردۇ.

1452 - يىلى خۇراساندا بولۇۋاتقان تەخت تالىشىش كۆرەشلىرى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەختكە ئىگە بولۇشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ۋاقتىنچە توختايدۇ. ھىرات شەھىرىنىڭ تىنچسىز ۋەزىيىتى بىر ئىزغا چۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن خەلق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ بىرقانچە يىللىق دىشۋارچىلىقتىن كېيىن يۇرت مېھرىنى سېغىنىپ ۋەتىنىگە قايتىدۇ.

ئۇلار ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن، ئەلىشىرنىڭ دادىسى غىياسىدىن كىچىككىنە ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئوردىسىغا خىزمەتكە چۈشتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا سەبىۋازغا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. مانا مۇشۇ يىللاردا ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا قايناق ھېسسىيات بىلەن ئوقۇدى، ئۆگەندى، شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ دۇردانە پىكىرلىرى بىلەن گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرىنى قەلبىگە مەھكەم تاڭدى. بۇ ھال ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كەلگۈسىدىكى بەدىئىي ئىستېداتى ۋە شېئىرىي كامالىتى ئۈچۈن مۇھىم جۇغلانما بولۇپ قالدى.

ئەلىشىرنىڭ ياشلىق ھاياتى تېخى ئاخىرلاشمايلا ھاياتىنىڭ رەھىمسىز ريازەتلىرىنى كۆتۈۋالدى. دادىسى غىياسىدىن كىچىككىنە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ياش ئەلىشىر ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ھۈسەين بايقارا بىلەن بىرلىكتە خۇراسان پادىشاھى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىردى.

بۇ دەۋرلەردە پۈتكۈل خۇراسان دۆلىتى، جۈملىدىن مەركىزىي شەھەر ھىرات ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىن بۇيان شەكىللەنگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى.

شۇڭا، بىر مەزگىللىك نىسپىي تىنچلىق ھىراتتا يېڭىچە كەيپىيات ھاسىل قىلدى. ئەلشىر ئۆزىنىڭ بۇ نەۋقىران مەزگىللىرىنى ئىشلەش، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تەدرىجىي بىلىم جۇغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىي شېئىرىيەتنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ھەمدە مىللىي تىلغا بولغان ئاڭ - غۇرۇرىنى كۈنسېرى ئۆستۈرۈپ باردى.

ئۇ ئەمدىلا يىگىتلىك مەزگىلىگە قەدەم قويغىنىدا ئىككى تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان، بىر قىسىم شېئىرلىرى شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇ بۇ جەرياندا تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىغا «نەۋائىي» دېگەن تەخەللۇسنى قوللاندى.

شۇ يىللاردا ئەلشىر لۇتفى، سەككاكى قاتارلىق «تۈركىيگۇي» شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ شۇ يىللاردا كاتتا شائىر سەئىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ نەۋائىيغا بولغان تەسىرى خېلىلا زور بولدى. ئۇ نەۋائىينىڭ تۇرمۇشىغا ئاتا ئورنىدا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتى ۋە ئەقىل - ئىدراكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى.

1456 - يىلى كۈزدە ئەبۇلقاسىم بابۇر ئۆز قارارگاھىنى مەشھەدكە يۆتكىدى. نەۋائىي بىلەن ھۈسەين بايقارامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەشھەدكە بىللە باردى. 1457 - يىلىنىڭ بېشىدا

خۇراسان پادىشاھى ئەبۇلقاسىم بابۇر ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن خۇراساندا بىر مەھەل تىنچلىنىپ قالغان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى قايتىدىن ئەۋج ئالدى. نەۋائىينىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارامۇ تېمۇرىي شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ ھەمدە خۇراسان تەختى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جاپالىق سىياسىي ھاياتىنى باشلايدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە نەۋائىي مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ مەشھەدتىكى كۈنلىرىنى ئۆزى يالغۇز ۋە مۇستەقىل ھالدا ئۆتكۈزدى. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇدى. ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ گۈلتاجى بولغان تەسەۋۋۇپ چەشمىلىرى بىلەن قەلب دۇنياسىنى سۇغاردى. مۇشائىرە ۋە غەزەلخانلىق مەجلىسلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەلگۈسىدىكى ئاجايىپ يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بەدىئىي جۇغلانما توپلىدى.

مەشھەدتىكى كۈنلەر تەنھالىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىينىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۇ يەردە نەۋائىي ئاتا ـ ئانىسىز، ھامىيسىز ۋە يېگانە ھالدا كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ مەدرىسە ۋە خانىقالارنىڭ زەي، قاراڭغۇ ياتاقلىرىدا سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. يۇلتۇزلۇق تۈنلەردە تۈگۈلۈكتىن ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيال سۈرەتتى. كۆڭلىدە ئاللىكىملەر

بىلەن مۇڭدىشاتتى. ياش شائىرنىڭ قەلبى ئىزگۇ خىياللار ئىلكىدە ئۆركەشلەيتتى. ئوي - پىكىرلىرى قانات قاقاتتى. ھېس - ھاياجىنى داۋالغۇيتتى... ياش شائىرنىڭ ھاياتى رېئال دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا خىيال ئالىمىنىڭ پەرۋازىدا كۆپرەك جەۋلان قىلاتتى. نەۋائىي كېيىنچە ئۆزىنىڭ مەشھەدتىكى ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالغان.

1464 - يىلى خۇراساندىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى مىرزا ئەبۇسەئىدنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ تېمۇرىيلار نەسلىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن خۇراسان تەختىگە ئولتۇردى ۋە پايتەختنى سەمەرقەندتىن ھىراتقا يۆتكەپ كەلدى. نەۋائىيمۇ دەل شۇ يىلى مەشھەدتىن ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. لېكىن، نەۋائىي شۇ يىللاردا خېلىلا تونۇلۇپ قالغان شائىر بولۇشىغا قارىماي، ئانا شەھرى ھىراتتىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىدى. مىرزا ئەبۇ سەئىد نەۋائىينىڭ ھىراتتا ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان يەر - زېمىن ۋە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغانىدى. شۇنداقلا، نەۋائىيغا نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانىدى. ئەبۇ سەئىدنىڭ نەۋائىينى چەتكە قېقىشىدا مۇنداق بىر قانچە سەۋەبلەر بار ئىدى. نەۋائىينىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ تېمۇرىيلەر جەمەتىدىكى پادىشاھ ۋە شاھزادىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تېمۇرىيلەر ئوردىلىرىدا مەنسەپ تۇتۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، تېمۇرىيلەر شاھزادىلىرىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئەبۇ

سەئىد نەۋائىينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ساداقەتتىن گۇمانلانماتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىينىڭ ئەبۇ سەئىدنىڭ كۆشەندىسى بولغان ھۈسەين بايقارا بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق ۋە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئۇنى تېخىمۇ شۈبھىلەندۈرەتتى.

شۇ ۋەجىدىن نەۋائىي سوغۇق سىياسىي كەيپىياتنىڭ بېسىمى ئىچىدە ياشىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە تونۇلغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوردىنىڭ ھامىيلىقىدا ياشايتتى ۋە ئۆز ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇراتتى. ئەمما، نەۋائىي بۇنداق ئىمتىيازلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە ئىجادىيەت بالاغىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە ھىراتتىكى مەشھۇر ئەرباب، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئابدۇراخمان جامى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئۇچرىشىش نەۋائىينىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ئوتتۇرىسىدىكى ئۆمۈرلۈك دوستلۇق ۋە ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋەت رەسمىي باشلاندى.

نەۋائىي ھىراتتا ئىككى يىلغا يېقىن غۇربەتچىلىك ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى سەمەرقەندكە بېرىش قارارىغا كەلدى. نەۋائىينىڭ ھىراتتىن كېتىشىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە سەمەرقەندكە بېرىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەبۇ سەئىدنىڭ

سىياسىي بېسىمىدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇش نەۋائىينىڭ تۇپ خىيالى ئىدى. تارىخچى خاندەمىر بۇ ھەقتە توختىلىپ:

«... سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە سەمەرقەندكە بېرىپ ئۇ جاناب (خوجا فەزلۇللا ئەبۇللەيس) نىڭ خانىقاھىدىن ھۇجرا ئالدى. بىر قانچە ۋاقىت تېگىشلىك ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشتى» دەپ يازىدۇ. نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ھىراتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق يازىدۇ:

دەرۋەقە، نەۋائىي سەمەرقەندكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە غۇربەتچىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈردى. ئەمما، شائىر بۇ مەدەنىي شەھەرنىڭ قويۇق ئىلمىي مۇھىتىدا تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇدى. مەدرىسىلەرگە قاتناپ يۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. كۆپلىگەن ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەرخىل ئىلىملاردىن خەۋەردار بولدى ھەمدە ئۆزىمۇ شېئىرىي ئىجادىيەتتە خېلىلا يېتىلىپ قالدى. نەۋائىينىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېتىلىۋاتقان ئىستېداتى سەمەرقەند ھاكىمى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ نەۋائىينى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىشقا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

مۇشۇ يىللاردا سەمەرقەند شەھىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇلۇغبەگ زامانىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق ئىلمىي مۇھىتىنى مەلۇم جەھەتلەردىن ساقلاپ

كېلىۋاتاتتى. نەۋائىي بۇ يەردە ھەر جاي ھەر يەرلەردىن كەلگەن ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىللە مەشھۇر ئالىم خوجا فەزلۇللا ئەبۇللەيستىن «فىقھە» (قانۇن) ئىلمىدىن دەرس ئاڭلىدى. سەمەرقەند مەدرىسىلىرىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئەدەبىي مەجلىسلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. شېئىرىيەت ئىلمىدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلارنىمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ باردى. ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ۋە زاماندىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئالدى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ سەمەرقەندتىكى ھاياتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «يىگىتلىك دەۋرلىرىمدە ماھارەتلىك پارسگۇي شائىرلارنىڭ ئىسىل شېئىرلىرىدىن ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى يادلاپ، ئۇلاردىكى زوق ۋە خۇشاللىقلار بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغان، مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن...»

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ سەمەرقەندتە ئۆتكەن ھاياتى قىسقا بولۇشىغا قارىماي، ئىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە ئاجايىپ مول مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈردى. ياش شائىر ئىجاد ۋە ئۆگىنىش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنى كۆزەتتى. بۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىگە نەزەر تاشلىدى. سەمەرقەندنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىل - قەلئەلىرىگە تويماي باقتى. ئارقا كوچىلاردىكى ھۈنەرۋەن -

كاسىپلار، مازار ـ ماشايىخلاردىكى دەرۋىش ـ سوپىلار شۇنىڭدەك ئىلىم ساھەسىدىكى ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. پۈتكۈل خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزەتتى. قىسقىسى، سەمەرقەند دەۋرى نەۋائىي ھاياتىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قايىنىمىغا چۆمۈلگەن، گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىلىرى ئىلىملىرى بىلەن تولغان تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر كەپتىرىنىڭ قانىتى يېشىلگەن مۇھىم بىر دەۋر بولدى. نەۋائىي سەمەرقەندتىكى ئاشۇ كۈنلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ھېسسىياتى، روھىي كەچۈرمىشلىرى ۋە ئوي ـ خىياللىرىنى «سەئىد ھەسەن ئەردەشىرگە يېزىلغان مەكتۇپ» تا تەپسىلىي بايان قىلدى.

1468 ـ يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد زور قوشۇن باشلاپ ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئەزەربەيجاندا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھۈسەين بايقارا ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ توسالغۇسىز ھالدا ھىراتقا كىرىپ تەختنى ئىگىلەيدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ھىرات ۋە خۇراسان ئېلىدە يېڭى تەرتىپ ئورنىتىدۇ. ھۈسەين بايقارانىڭ ھىرات تەختىگە ئولتۇرۇشى خۇراساندا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ياش نەۋائىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، خۇراسان خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىققا

ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇشال بولدى. شائىر قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ھىراتقا قايتىشىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاچ، سەمەرقەندكە مەخسۇس مەكتۇپ يوللاپ، نەۋائىينى ھىراتقا چاقىرتتى.

نەۋائىي قەلبىگە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنى پۈكۈپ، ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى سەرسان - سەرگەردانلىق، غېرىب - غۇربەتلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىيغا زور ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ئۇنى مۆھۈردارلىققا تەيىنلىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا تەختكە چىقىپ بىر يىل بولار - بولمايلا يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. 1470 - يىل 5 - ئايدا نەۋائىي سۇلتانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى ئىشغال قىلغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ھۈسەيىن بايقارانى چوڭ بىر خەۋپتىن خالاس قىلىدۇ. بۇ ئىش ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىيغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

1472 - يىل 2 - ئايدا ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينى دىۋان بېگى مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمىرى كەبىر ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. گەرچە نەۋائىيغا بېرىلگەن مەنسەپ ئەڭ ئالىي ئورۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى بىلەن سۇلتاندىن قالسىلا ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس

ھېسابلىناتتى.
نەۋائىي زاماندىشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، بۇ دەۋردە ئۇ كاتتا يۈز - ئابرۇيغا ۋە چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئارىلىشاتتى ھەمدە مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشاتتى. بۇھال شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىگە زور توسالغۇ بولۇپ قالدى. باش - ئاخىرى تۈگىمەيدىغان دۆلەت ئىشلىرى نەۋائىينىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ۋاقتىنى خورىتىپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا نەۋائىي ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ:

كىم بار ئىدى باشىما كۆپ مېھنەتىم،
يوق ئىدى باش قاشىغالى فۇرسەتىم.

دەپ شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ھەر كېچىسى قىرىق - ئەللىك بېيىتتىن يېزىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەۋائىي ئۆز ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
بۇنىڭدىن باشقا نەۋائىي يەنە مۇشۇ مەزگىللەردە سۇلتان ھۈسەين بايقارانىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ

كەتتى. نەۋائىي ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلدى ھەمدە كاتتا مۈلۈك ئىگىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ھۈسەين بايقارا نەۋائىينىڭ مۆھۈردار ۋە دىۋان بېگىلىك مەنسىپىگە قوشۇپ كاتتا يەر ـ سۇ ۋە بىر مۇنچە قىشلاقلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. نەۋائىي پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىسى ۋە ئەمىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەرلەردىن كېلىدىغان دارامەتنىڭ كۆپ قىسمىنى مەملىكەتنىڭ روناق تېپىشىغا، خەير ـ ساخاۋەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا، ھىرات شەھىرىدىكى كاتتا بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە سەرپ قىلاتتى.

بۇ يىللاردا نەۋائىينىڭ زور تىرىشچانلىقى ئاستىدا ھىرات شەھىرى پۈتكۈل خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىسلام شەرقىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. نەۋائىي ئۆز مەبلىغى بىلەن سالدۇرغان «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ھىراتتىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ قالدى. نەۋائىي بۇ مەدرىسىگە ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىمالارنى مۇدەررىسلىككە تەيىنلىدى. بۇ مەدرىسىنىڭ جەنۇبىغا «خەلاسىيە» نامى بىلەن كاتتا خانىقا سالدۇردى. مەدرىسىنىڭ غەربىدە «شىفائىيە» ناملىق بىنا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا مەشھۇر تېۋىپلارنى توپلىدى. مەدرىسىنىڭ غەربىدە يەنە كاتتا مەسچىت جامە، مەسچىت قېشىدا بىر ھەيۋەتلىك گۈمبەز بىنا قىلدۇردى. نەۋائىي يەنە ئۆز

ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنى توپلاپ، ئۇلارغا ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. نەۋائىينىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا 70 تىن ئارتۇق خەتتات، كاتىپ، نەققاش قاتارلىق كىشىلەر خەت كۆچۈرۈش، كىتابلارنى زىننەتلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىخلاسىيە مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان 2000 غا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى نەۋائىي ئۆزىنىڭ شەخسىي مال - مۈلكىدىن چىقىم قىلاتتى. قىسقىسى، ھىراتنىڭ 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن قويۇق مەدەنىي مۇھىتى ۋە گۈزەل قىياپىتىنى ئەلىشىر نەۋائىيسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا نەۋائىي خەلق ئارىسىدا بىر مەشھۇر شائىرلا ئەمەس، بەلكى بۈيۈك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، «بۈيۈك ئەمىر» (ئەمىرى كەبىر)، «ئەمىرى رەۋشەن زەمىر»ناملىرى بىلەن يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولدى.

ئەپسۇسكى، نەۋائىينىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان شان - شۆھرىتى ۋە سۇلتان بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى نەۋائىينىڭ دۈشمەنلىرىنى بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى نىزامۇلمۈلك، مەجىدىدىن قاتارلىق ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ تەشكىللەپ، نەۋائىي ئۈستىدىن سۇلتانغا پىتنە - پاسات ۋە تۆھمەت تارقاتتى ھەمدە نەۋائىينى ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. كۈن بويى ئەيش - ئىشرەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ

كەتكەن ھۆسەين بايقارا ئۆز ئەتراپىدىكى پىتنىخور ۋەزىرلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ نەۋائىيغا نىسبەتەن سوغۇق ۋە گۇمانىي مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن 1476 ـ يىلىغا كەلگەندە نەۋائىي سۇلتانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى مەنسەپلىرىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئۇنىڭ ھەجگە بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. نەۋائىي يەنە سۇلتانغا ئىلتىماس سۇنۇپ ھىرات شەھىرىنىڭ چېتىدىكى گوزۇرگاھ دېگەن جاينى ئۆز ئىختىيارىغا بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. سۇلتان نەۋائىينىڭ بۇ ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ نەۋائىي بۇ جاينى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن ئاممىۋى ئەسلىھەلەر ــ مىھمانساراي، ھاممام، شىپاخانىلارنى سالدۇرىدۇ.

نەۋائىي دۆلەت ئىشلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىن پۈتكۈل زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە قارىتىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا جامائەتنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىگە ۋە خەلق پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. نەۋائىي گەرچە ئوردىدىكى مەمۇرىي ھوقۇقلىرىدىن ئىستىپا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى سۈپىتىدە ھىراتتىكى نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇپ قالىۋەردى.

مۇشۇ مەزگىللەردە ھىراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرباب ئابدۇراخمان جامى ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاي ـ

جايلاردىن كەلگەن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى تالىپلار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلانغانىدى. نەۋائىي بۇرۇندىن تارتىپلا جامىنى ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى. مۇشۇ يىللاردا نەۋائىي بىلەن جامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ھەمكارلىق يەنىمۇ كۈچىيىپ باردى. نەۋائىي پات ـ پاتلا جامىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. ئۆزى يازغان ۋە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە جامى بىلەن سۆزلىشەتتى. نەۋائىي بىلەن جامى ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق ۋە ئىلمىي ھەمكارلىق 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كاتتا رول ئوينىغانىدى. بۇ مەزگىللەردە كۆپلىگەن شائىرلار، ئەدىبلەر، ھەكىملەر، تارىخچىلار، مۇزىكانتلار ۋە رەسساملار بۇ ئىككى زاتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھىراتتىكى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مۇھىتنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈردى. شۇڭلاشقا بابۇر مۇشۇ دەۋردىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئەھلى فەزل ۋە بىنەزەر ئەلدىن خۇراسان، بەتەخسس ھىرى شەھىرى مەملۇ ئىدى. ھەر كىشىنىڭكىم بىر ئىشقا مەشغۇللۇقى بار ئىدى. ھىممەتى ۋە غەرزى ئول ئەردىكىم، ئول ئىشنى كامالغا يەتكۈزگەي.»

نەۋائىي پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. شۇ كەمگىچە يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنئۇل مەئانى» نامى بىلەن چوڭ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ توپلام كېيىنچە ئەل ئىچىدە «چاھار دىۋان» دەپمۇ

ئاتالدى. 1483 ـ يىلىغا كەلگەندە شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بۈيۈك ئەسەر «خەمسە» نى يېزىشقا رەسمىي تۇتۇش قىلدى. جامى نەۋائىينىڭ تۈركىي تىلى بىلەن «خەمسە» يارىتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇدى. شائىر ئىجاد دېڭىزىغا چۆمۈلدى. قەلبى سەنئەت يۈكسەكلىكىنىڭ ئەۋجىدە ئۆركەشلىدى. پەي قەلەمنىڭ ئۇچىدىن ئاپئاق خوتەن قەغىزىگە دۇردانە پىكىرلەر تۆكۈلدى... خاندەمىر نەۋائىي ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى: «دائىملىق ئادىتى بويىچە نەۋائىي ئۆزىنىڭ پۈتۈن قۇتلۇق كۈنلىرىنى ئەسەرلىرىدىكى سۆزلەرنى تۈزىتىش ۋە مەنىلىرىنى تەكشۈرۈش، دەلىللەرنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش ۋە مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش، ئىلىم سىرلىرىنى ئېچىش ۋە ئەقلىي پەنلەرنىڭ نۇقتىلىرىنى تېپىشقا سەرپ قىلدى.»

نەۋائىي ھاياتىغا دائىر تەتقىقاتلاردا ھازىرغا قەدەر بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقىنى — دەل نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىدۇر. بابۇر بۇ ھەقتە توختىلىپ «نەۋائىي پەرزەنتسىز، ئايالسىز، بۇ ئالەمدىن يالغۇز ـ يېگانە ئۆتتى» دەپ يازىدۇ. نەۋائىي ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە ھېچبىر ئەسىرىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ.

نەۋائىي سۇلتان ھۈسەين ئوردىسىكى مەمۇرىي ۋەزىپىلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللاردا كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە قاراتتى. ئەسەرلىرىنى توپلاپ، قايتا رەتلەپ، دىۋانلارنى تۈزدى. ئەمما ئۇ سۇلتان ھۈسەين ھاكىمىيىتىنىڭ كۈنسېرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە



www.uyghurkitap.com

يېقىندىن دىققەت قىلدى. مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ۋەقەلەرگە، ئاۋام خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە ھەرۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى يۈكسەك ئابرۇي ـ ئىناۋىتىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە مەجىددىن قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك سىياسەتلىرىگە چەك قويدى.

ئەپسۇسكى، نەۋائىينىڭ سۇلتان ھۈسەيندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى بارغانسېرى جاۋابسىز قالدى. خۇددى بابۇر ئېيتقاندەك، سۇلتان ھۈسەين «خۇراساندا قىرىق يىلغا يېقىن پادىشاھ بولۇپ، پېشىندىن كېيىن ئىچمىگەن كۈنى يوق ئىدى... ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت ۋە پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى...» كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. ئۆز ئەتراپىدىكى ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ نەۋائىينى بارغانسېرى ئورنىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. 1487 ـ يىلى سۇلتان ھۈسەين نەۋائىينى ھىراتتىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى يىراق ئاستراباتقا ھاكىملىق مەنسىپى بىلەن بېرىشىنى پەرمان قىلدى. نەۋائىي مەجبۇرىي ھالدا ھىراتتىن ئايرىلدى. ئۇ ئاستراباتقا بارغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىش، مەدەنىي كەيپىياتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرمۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كېچىلىرى ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما، شائىرنىڭ پۈتكۈل دىققىتى يەنىلا

www.uyghurkitap.com

پايتەخت ھىراتنىڭ ئەھۋالىدا ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن نەۋائىي پايتەختكە قايتىدۇ ۋە سۇلتان ھۇسەيندىن ھىراتتا قېپقېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھۇسەين بايقارا يەنىلا نەۋائىينىڭ ئاستىرابادقا قايتىشىنى بۇيرۇيدۇ.

نەۋائىي ئامالسىز يەنە ئاسترابادقا قايتىدۇ. ئۇ سۇلتاننىڭ ئوردىدىكى پىتنە - پاساتچىلارنىڭ تەسىرىدە ئاينىپ كەتكەنلىكىنى، ھاكىمىيەت ئۇلىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي نەۋائىينىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۇيىقەستى پاش بولىدۇ. سۇلتان ھۇسەين دەرھال نەۋائىيغا مەكتۇپ يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە نەۋائىينىڭ ھىراتقا قايتىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نەۋائىي ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ ھېچقانداق سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئوردىدىن يىراقتا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھۇسەين بايقارا ئۇنىڭغا «مۇقەررەبى ھەزرەتى سۇلتانى»، يەنى «سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنى» دېگەن نامنى بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بابۇرمۇ ئەلىشىر بەگ سۇلتان ھۇسەيننىڭ «بېگى ئەمەس، دوستى ئىدى» دەپ يازىدۇ. شۇ يىلى نەۋائىينىڭ بەلختە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى دەرۋىش ئەلى ئوردىدىكى مەجددىننىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا چىدىماي ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مەجددىن سۇلتان ھۇسەينگە بۇ ۋەقەدە ئەلىشىر بەگنىڭ قولى بار دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. نەۋائىي بۇ تۆھمەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە بەلخقە بېرىپ ئىسياننى تىنچىتىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتى قاتتىق كرىزىس ئىچىدە قالىدۇ. شاھزادىلەر تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىسيان قوزغايدۇ. بولۇپمۇ سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەدىئۇززامان مىرزا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نىزا ۋە جەڭگى ـ جېدەللەر ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. نەۋائىي ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى تىغ كۆرىشىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن چوڭ نەتىجە چىقمايدۇ. سۇلتاننىڭ ئامراق خوتۇنى خەدىچە بېگىم باش ۋەزىر نىزامۇل مۇلك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئوغلى مۇزەپپەر ھۈسەيىننى تەخت ۋارىسى قىلىشقا كۈچەيدۇ. ئۇلار سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ، بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ئوغلى، سۇلتاننىڭ ئامراق نەۋرىسى — مۆمىن مىرزىنى قەتل قىلىشقا قول قويدۇرىدۇ. سۇلتان مەستلىكىدىن يېشىلگىنىدە بۇ پەرماننى قايتۇرۇۋېلىشقا كېچىكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

نەۋائىي كۆز ئالدىدىكى بۇ پاجىئەلەردىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1492 ـ يىلى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭغا كۈچلۈك زەربە بولىدۇ. نەۋائىي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىزلىك ۋە پەرزەنتسىزلىك ئازابى شائىرنىڭ غېرىب ۋە مىسكىن كۆڭلىنى تېخىمۇ قىينايدۇ. نەۋائىي زامانداشلىرىنىڭ

خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، شائىرنىڭ ئاخىرقى يىللاردا مىجەزىنىڭ تولىمۇ نازۇكلىشىپ، بىر ئىشلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان ھەتتا ئەسەبىيلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. ئەمما، نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى قىيىن مەزگىللىرىدىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويمىدى. «لىسانۇتتەير»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى شۇ يىللاردا يېزىپ تۈگەتتى.

مىلادىيە 1500 - يىلى يازدا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئاستراباددا ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىنگە قارشى قوشۇن تارتىدۇ. نەۋائىي ھىراتتا قالىدۇ. سۇلتاننىڭ بۇ يۈرۈشى شۇ يىلى دېكابىردا ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىن پايتەختكە قايتىدۇ. نەۋائىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر توپ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىدۇ. يىراقتىن داقا - دۇمباقلارنىڭ ساداسى ياڭراپ سۇلتاننىڭ مەپىسى كۆرۈنۈشى بىلەن نەۋائىي ئالدىراش ئاتتىن چۈشىدۇ - دە، بېشىنىڭ قېيىپ، پۇت - قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شائىر ئالدىغا بىر قانچە قەدەم ماڭمايلا يەرگە يىقىلىدۇ. شۇ يىقىلغانچە قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ. كېسەل سەكتىگە ئايلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ دەل ھىجرىيە 906 - يىلى 12 - جامادىيەلئاخىر، يەنى مىلادىيە بويىچە 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ھىرات شەھىرى ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى.

پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىلدى.
نەۋائىينىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان تارىخچى خاندەمىر قاتتىق قايغۇ ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «... مەھشەر كۈنى غوۋغاسى پۈتۈن يەر يۈزىنى چۇلغىدى، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا ـ زارىسى، كاتتايۇ كىچىكلەرنىڭ فەريادۇفىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەۋجىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خانىدانىنىڭ بەزى ئەزالىرى تۇشمۇتۇشتىن يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈپ يىغىغا چۈشتى. پەيغەمبەر سۈننىتىگە مۇۋاپىق مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش مۇراسىملىرىنى ئادا قىلىشتى. جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىيابانغا قاراپ يول ئالدى... شۇ پەيتتە ھاۋا جەۋھىرى شاھۇ گەداغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى. بەلكى رۇھۇ رەيھان بۇلۇتلىرى ئۆز تامچىلىرىنى ئۇنىڭ ئەرىشتەك مۇئەززەم تاۋۇتى ئۈستىگە تۆكتى. ھىرات ھېيتگاھىدا جىنازا ئوقۇلدى. كېيىن ئەلىشىرنىڭ ئۆزى سالغان مەسچىت جامە يېنىدىكى ئىلگىرى ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ دەپنە قىلىندى. ‹ئەي تۇپراق باغرىڭدا نىمە بارلىقىنى نەدىن بىلسەن؟› ئاشۇ كېچىسى بۈيۈك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ قەبرە تۆپىسىدە تۈنەپ چىقتى. قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى... سۇلتان ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئۇ ئەھلى دىللار باشلىقى (ئەلىشىر) نىڭ ئۆيىدە ماتەم تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى

قىزىم، يۇقىرىدا سىزگە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم، ئەمدى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇ شائىر ۋە ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان مۇنەۋۋەرلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىران ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئۇسلۇبقا كەلتۈرۈپ، تۈركىي تىلنى يۈكسەك سەنئەت دەرىجىسىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇنەۋۋەر تۈركىي (خەلق ناخشىسىنىڭ) روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۈركىي تىلدا يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىش غايىسىدا بولغان ئىدى. ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىران شائىرلىرىدىن نىزامى ۋە خۇسرەۋ دېھلەۋى ئۇسلۇبىدا بەش نەزمىي ئەسەردىن تۈزۈلگەن ۋە 1484 - يىلى تاماملىغان ئاتمىش تۈمەن مىڭ مىسرالىق «خەمسە» سى ئىدى. بۇ «خەمسە» نىڭ تۇنجى پارچىسى بولغان «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەخلاق ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت سۆھبەت ۋە ھېكايىلەر، باشقىلىرى بولسا «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، ئىسكەندەر ۋە بەھرام گورغا ئائىت نەزمىي ئەسەرلەر ئىدى. باشقا بۈيۈك ئەسىرى «خەزائىنئۇل مەئانى» نامى بېرىلگەن 55 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن تۈركىيچە دىۋانى بولۇپ، ھاياتىنىڭ تۆت دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغـانلىقى سـەۋەبلىك «غـەرايىبۇس ـ سـىغەر، نـەۋادىرۇش ـ شەباب، بەدايىئۇل ـ ۋەسەت، فەۋائىدۇل ـ كىبـەر» دىن ئىبارەت تـۆت خىـل مۇرەككـەپ نـام بېرىلگـەن ئىـدى. بۇنىڭدىـن باشـقا تەخمىنەن ئون ئىككى مىڭ مىسرا كېلىدىغان پارسچە دىۋانىمۇ بـار ئىـدى. فـەرىدىددىن ئـەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتـەير» نـاملىق ئەسىرىگـە نـەزىرە قىلىـپ، يەتتـە مىـڭ مىسـرالىق ئەسـەر «لىسسانۇتتەير» نى يازغان ئىدى. بۇنىڭدىـن باشقا تەزكىرىگە ئـائىت كىتـاب «مەجالىسـۇن ـ نـەفائىس» بىلـەن ئابدۇراخمـان جامىنىڭ «نـەفاھاتۇل ــــ ئۇنىس» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلغـان ھـەم تولۇقلىغـان، سوپىلار ۋە مۇتەسـەۋۋۇپ (سوپىزمنى بېيىتىشـقا تىرىشـقۇچى) لارنىـڭ ھاياتىغـا ئـائىت «نەسائىمۇل مۇھەببـەمىن شـەمائىمۇل فۇتـۇۋۋە» نـاملىق ئەسـەرلىرى بـار. كېيىـن دوسـتلىرىدىن جـامى، ھەسـەن ئەردەشـىر ۋە پـالۋان مۇھەممەدكـە ئـائىت خـاتىرىلىرى (خەمسـەتۇل مۇتەھـەييىرىن، ھـالاتى ھەسـەن ئەردەشـىر، ھـالاتى پـەھلىۋان مۇھەممـەد كۈشتىنگىر) بىلـەن مەكتۇپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەتلـەر، مۇئەمما (تېپىشماقلار) ۋە ئارۇزغا دائىـر رىسالىلەر، ھىراتتا ئۆز مەھەللىسـىدە ۋۇجۇدقـا چىقارغـان ئىلىـم مۇئەسسەسەلىرىگـە ئـائىت، تەكەللۇپلۇق بىـر تىـل بىلـەن يېزىلغـان ۋەخپىيەسى مۇھىم ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغـان ئەسـەرلەردىن «مۇھاكىمـەتۇل لۇغەتـەين» ۋە «مـەھبۇبۇل قۇلۇب»لارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان ئىـدى. بۇ ئەسـەرلەر تاشـكەنت، بۇخـارا، تـەبرىز ۋە ئىسـتانبۇلدا ئارقـا ـ ئـارقىدىن بېسىلغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىران كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پىكىرلىرىنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا قايتىدىن ياراتقاندا، بۇلارنى ئىران ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، ئوخشىتىش ۋە كىنايىلەر بىلەن ئاڭلاتقان ھەم شۇ زامان ئەسەرلىرىگە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھاياتىغا ئائىت سەھىپىلەر ئاجراتقان. تىمۇرىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي ۋە موغۇللارنىڭ چىدىر، ئۆي، شەھەر، ئىسلزادىلەر ھەم ساراي ھاياتىدىن ئېلىنغان مىسال، ئاتالغۇ ۋە تەبىرلەردىنمۇ ناھايىتى كەڭ مىقياستا پايدىلانغان.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن روھ، سەمىمىيەت، ساددىلىق، ئۈمىد ۋە ئىرادە، خالىس نىيەتلىك، جىددىيلىك ۋە ئىغىر - بېسىقلىقتا ئوخشاش ئەخلاق پرىنسىپلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئىنسان شەخسەن ھاياتتىن خۇشاللىنىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىشنى بىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دىنىي، پەلسەپىۋى ۋە تەسەۋۋۇپىي مەسىلىلەردە چوڭقۇرلىشىش ئىستىكى بىلەن يازغان پارچىلاردا كۆرۈلىدۇ.

نەۋائىينىڭ مىللىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخى كۆز قارىشىدىمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي بىر دۆلەت ئەربابى ۋە شائىر بولۇپلا قالماستىن يەنە سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بىلەنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى زاماندا مۇزىكا، رەسىم،

بىناكارلىق ۋە يېزىقچىلىق بىلەنمۇ يېقىندىن ئالاقىسى بولغان ھەم بۇ ساھەلەردە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئىدى. گۈزەل مۇزىكا نوتىلىرى بولغان «بابىرنامە» نىڭ خەتتاتلىق ۋە نەققاشلىق ئىشلىرىدا ماھىر بولغان سۇلتان مىر مۇھەممەد بىن ئەمىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەلىشىر مۇزىكىدا ئۆزىگە خوجا يۇسۇپ بۇرھاننىڭ ئۇستاز بولغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. مىر مۇھەممەد ئىمىن بۇخارىنىڭ مۇزىكا تارىخىغا دائىر ئەسەرلىرى خۇراساندا مەشھۇر كۇيلەردىن «يەتتە بەھر» ئۇسۇلىنىڭ ئەلىشىر تەرىپىدىن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاساس قىلىنىپ ئىجاد قىلىنغانلىقى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئۆزى شەخسەن باشقۇرغانلىقى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بىناكارچىلىق ئەسەرلىرىدىن ئەڭ ھەيۋەتلىك بولغانلىرى ئۆز داچىسى ئەتراپىدىكى «قۇدسىيە» جامەسى بىلەن «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ۋە «شىفائىيە» دوختۇرخانىسى ئىدى. بۇ جامەنى، ئۇنىڭ «قوشكېزەك قېرىنداش» بولغان ئېگىز ئىككى مۇنارىسىنى ۋە مەدرىسىنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئەلىشىر ئۆز شېئىرلىرىدا جانلاندۇرغان (تەسۋىرلىگەن) ئىدى. مىرخاند بۇلارنى ئەلىشىرنىڭ ئىشتىياقىغا قاراپ يارىتىلغان شاھ ئەسەرلەر دەپ خاراكتېرلەندۇرگەن ئىدى. بۇلاردىن ھازىرغا قەدەر ھېچقايسىسى يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى. زامانىمىزغا قەدەر مۇھاپىزەت قىلىنغان ئەسەرلىرى ھىرات جامەسى كەبىرىنىڭ 1498 ـ يىلى ياسالغان يېڭى تاقى بىلەن يەنە ئەلىشىر تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان ئايۋانلار، ئەبۇل ۋەلىد مازىرىدىكى خانىقا بىناسى ۋە تاقى، سەنگى بەست ھارجەرد،

نىشاپۇر ۋە راباتى ئىشقىتىكى بىنالاردىن ئىبارەت. بىراق بۇلار تېخىچە ھېچقاندىقى تەتقىق قىلىنغىنى يوق. ئەلىشىر تەرىپىدىن ياسالغان بۇ بىناكارلىق ئەسەرلىرى ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا.

ئەلىشىر نەۋائىي بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ھىمايە قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى گۈزەل سەنئەت ۋە بىناكارلىق ئەسەرلىرى بىلەن تېمۇرىيلار زامانىسىدا بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا، سەمەرقەند، كېش، يەسسە ۋە ھىراتتا تەرەققىي قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر كۈلتۈرى (مەدەنىيىتى) نىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللاشقان دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى.

# «ھەيرەتۇل ئەبرار» قانداق داستان؟

قىزىم، باشتا سىز «ھەيرەتۇل ئەبرار قانداق داستان؟» دەپ سورىغان ئىدىڭىز، ئەمدى گەپ نۆۋىتى مەزكۇر داستان ئۈستىگە كەلدى.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەجەبلىنىشى) ژانىر خۇسۇسىيىتى، كومپوزىتسىيە تۈزۈلۈشى جەھەتتە «خەمسە» نىڭ باشقا داستانلىرىدىن ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. «ھەيرەتۇل ئەبرار» پەلسەپىۋى ـ تەلىم داستانىدۇر. بۇ ئەسەردە نەۋائىي پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە ئەخلاق ـ تەلىم قاراشلىرىنى بايان ئېتىشنى، كىشىلەرگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويىدۇ. ئادەتتە بۇنداق داستاندا، كۆپىنچە تېما بىرەر ۋەقە سۈژىتىنى ھېكايە قىلىشتا ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى بايان قىلىش ئاساسىدا يارىتىلغان بولىدۇ. بۇ ھالەت «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ ژانىرىگە خاس ئىككىنچى بىر خۇسۇسىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. لىرىك ئىپادىنى، سۈپەت ۋە تەرىپىنى ئاساسىي ۋە يېتەكچى ئىپادە ئۇسۇلىغا، ئېپىك تەسۋىرنى بولسا قوشۇمچە ۋە ياردەمچى ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرىدۇ. «ھەيرەتۇل ئەبرار»

دا هايات، ۋەقەلىك شائىرنىڭ ئېپىك بايانى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرى، ھېس - تۇيغۇسى ۋە تەرىپ - تەۋسىپ ئارقىلىق يارىتىلغان. ئەنە شۇ مەنىدە «ھەيرەتۇل ئەبرار» لىرىك سۇپەتلىك داستاندۇر. بىراق، بۇ ھالەت ئۇنىڭدىن ئېپىك تەسۋىرنى، ھېكايە ۋە مەسىلىلەردىن مۇستەسنا قىلىپ قويمايدۇ. چۈنكى، ۋ. گ بېلىنىسكىي ئېيتقىنىدەك، شېئىرىيەتنىڭ ئۈچ تۈرى «مۇستەقىل ئامىللار سۈپىتىدە ئايرىم - ئايرىم مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە ئەسەرلەردە روشەن ھالدا بىر - بىرىدىن كەسكىن چېگرا بىلەن ئاجرالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار كۆپىنچە ئارىلاش ھالدا ئۇچرايدۇ.»

«ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدۇ. «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ ھەر بىر بابى مەخسۇس بىر مەسىلىگە بېغىشلىنىدۇ. 7976 مىسرادىن تەشكىل تاپقان «ھەيرەتۇل ئەبرار» 64 بابقا بۆلۈنگەن. بۇلاردىن 21 بابى مۇقەددىمە، 20 بابى تەمسىل، 20 بابى ھېكايە ۋە مەسەل، ئاخىرقى 3 بابى بولسا داستاننىڭ خاتىمىسىدۇر. داستاننىڭ ئاساسىنى 20 تەمسىل تەشكىل ئېتىدۇ. ھېكايە ۋە تەمسىللەر بولسا ئىلاۋە تەرىزىدە بېرىلگەن.

مۇقەددىمىدە ئەنئەنىۋى قىسىملاردىن تاشقىرى نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلارغا بېغىشلانغان بابلارنى، ھۇسەين بايقارا مەدھىيىسى، سۆز تەرىپى، سۆزنىڭ مەنىسى، كۆڭۈل تەرىپى ۋە باشقا بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك داستاننىڭ ئاساسلىق قىسمى 20 بابقا بۆلۈنگەن تەمسىللەر ۋە ئۇلارغا ئىلاۋە قىلىنغان ھېكايە ھەمدە مەسەللەردىن تۈزۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ ئۈچ كومپوزىتسىيە زەنجىرى بار:

بىرىنچى، داستاننىڭ ئومۇمىي كومپوزىتسىيىسى. ئىككىنچىسى، تەمسىللەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى. ئۈچىنچىسى، ھېكايە ۋە مەسەللەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» غايىۋى مەزمۇنى، بابلارنىڭ ئۆزئارا غايىۋى باغلىنىپ بېرىشى، بىرىدىن يەنە بىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تاكامۇللىشىشى ۋە خۇسۇسەن باش قەھرىمان شائىر ۋە مۇتەپەككۇر نەۋائىي ئوبرازى بىلەن ئومۇمىي، يېگانە كومپوزىتسىيە زەنجىرىگە ئىگىدۇر. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ھەتتا داستاننىڭ ئەنئەنىۋى مۇقەددىمىسى بولغان ھەمدۇسانا، مۇناجات ۋە سۈپەتلەشلەر ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي بابلىرى تەمسىللەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئورگانىك باغلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا داستانغا يېتەكچى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە دىداكتىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىخلىرى بار.

نەۋائىي بىچارىلەرنىڭ، ئاچ ـ يالىڭاچلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، ئۇلارنىڭ پاراۋان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. نىزامى، خۇسرەۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى، سۆز ۋە كۆڭۈل تەرىپىگە دائىر مۇقەددىمە بابلىرى بولسا، داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى

بىلەن بىۋاستە ۋە ئورگانىك باغلىنىدۇ. دىئالوگلار ئۆزىنىڭ ئىچكى كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا ئىلاۋە قىلىنغان مۇستەقىل كومپوزىتسىيىلىك ھېكايە ۋە مەسەللەر دىئالوگلارنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە داستاننىڭ ئومۇمىي كومپوزىتسىيىسىنى تولدۇرىدۇ، تاكامۇللاشتۇرىدۇ.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» — مۇتەپەككۇر، دانىشمەن ۋە تەربىيىچى شائىرنىڭ داستانىدۇر. بۇ داستاندا نەۋائىينىڭ تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دائىر پىكىر - مۇلاھىزىلىرى بايان ئېتىلگەن. داستاننىڭ بابلىرىدا يارىتىلغان مەسىلىلەرنى شەرتلىك رەۋىشتە ئۈچ تۈركۈمگە — پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي - سىياسىي، ئەخلاق - تەلىم مەسىلىلىرىگە ئاجرىتىش مۇمكىن.

ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى، دىن، تەسەۋۋۇر ۋە باشقا مەسىلىلەر نەۋائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي مەسىلىسىنى تەشكىل ئېتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر «ھەيرەتۇل ئەبرار» دا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئورنى ۋە ئىپادىسىنى تاپقان.

نەۋائىي فېئودال ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام ئىدىيىسى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا ياشىدى. قارىغاندا نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىنتايىن سۇزۇك بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، ئەقلىي كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، پەلسەپىۋى تەرەققىيپەرۋەر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

نەۋائىي باشقا ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش «ھەيرەتۇل



www.uyghurkitap.com

ئەبرار» دىمۇ ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مەسىلىلىرىگە كەڭ ئورۇن بەردى. ئۇ 15 - ئەسىرنىڭ رېئال ھايات ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. فېئودال - دىنىي ھوقۇقچىلىق مۇھىتىنىڭ ئايرىم ئىللەتلىرىنى دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلىدۇ. خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۈيلەيدۇ. تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرىدۇ. قارىمۇقارشى ياكى تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. بەزىلىرىنى ئالقىشلىسا، بەزىلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ. بەزىلىرىنى پەزىلەت ۋە كامالەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، يەنە بەزىلىرىنى خاتا ۋە خەتەرلىك يولدىن، تۈرلۈك نۇقسانلاردىن قۇتۇلۇپ توغرا يولغا مېڭىشقا دەۋەت قىلىدۇ، بەزىلىرىگە تەبەسسۇم، بەزىلىرىگە قەھر - غەزەپ ياندۇرىدۇ. شائىر ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشرىسىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى، خۇي - پەيلىنى، مەقسەت ۋە مۇددىئا، زوقى ياكى غەزىپىنى يارىتىشتا سەنئەتكارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سالىدۇ. مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش، كىنايە ۋە ئىستىئارىگە ئوخشاش ئەدەبىي ئۇسۇل ھەمدە بەدىئىي تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

دۇرۇس، نەۋائىي ئىجتىمائىي - سىياسىي ھايات ۋەقەلىرىنى تەھلىل قىلىشتا جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھايات شارائىتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلمايدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنى سىنىپلارغا ئەمەس، بەلكى «ياخشى» ۋە «يامان»لارغا ئايرىيدۇ. بىراق، ئەڭ مۇھىمى ۋە يېتەكچى بولغىنى شۇكى، نەۋائىي ئىجتىمائىي - سىياسىي

هايات ۋەقەلىرىنى ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر ۋە پېشقەدەم مەرپەتچى مۇتەپەككۇر سۇپىتىدە، ئەلنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ئاساسىدا يارىتىشقا ئىنتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ 15 ـ ئەسىردە تۇرۇپ قالمايدۇ. بەلكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ.

«ھەيرەتۇل ئەبرار»دىكى:

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دېگەن بېيىتىدىكى نەۋائىي ئىنساننى سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇق ـ ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

«ھەيرەتۇل ئەبرار»نىڭ ئالتىنچى بابى ئەدەپ مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان. نەۋائىي بۇ باپتا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە مىزانى، ئۆزىنىڭ ئۈلگە بولۇشى، بالا تەربىيىسى ۋە باشقىلار ھەققىدە ھېكمەتلىك پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەخلاق بىلەن كەمتەرلىك بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. كىشى ھەر بىر كىشىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا يارىشا مۇئامىلە قىلىشى، چوڭلارغا خىزمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىشى لازىم.

ھەر كىشىنىڭ تەۋرىغە لايىق كېرەك،
سۈرەتى ھالىنە مۇۋاپىق كېرەك.

كىمكى ئۇلۇغراق ئەڭە خىزمەت كېرەك،
ئۇلكى كىچىكراق ئەڭە شەفقەت كېرەك.

نەۋائىي يەنە بالا تەربىيىسى، ئۇنى ئۆستۇرۇش، ئوقۇتۇش ۋە بالاغەتكە يەتكۈزۈش ھەققىدە كەڭ توختىلىدۇ. ئۇنىڭ بالىلارغا قارىتىپ:

باشنى فىدا ئەيلە ئاتا قاشىغە،
جىسمىنى قىل سەدقە ئانا قاشىغە...
تۈن - كۈنۈڭگە ئەيلەگىل نۇر فاش،
بىرىسىن ئاي ئەڭلە بىرسىن قۇياش.

دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

شائىر يەنە بۇ داستاندا ئۆز مۇھىتىدىن، بىۋاپا ۋە ئىنساپسىز كىشىلەردىن ئاچچىق شىكايەت قىلىدۇ. ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ ماھىيىتى، خاسىيىتىنى كۈچەيتىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ۋاپادار يار ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. شۇنداقلا «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا يەنە راستچىللىق ۋە توغرىلىق مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان ئونىنچى بابىدا نەۋائىي خىلمۇخىل ئوخشىتىشلار ياردىمى بىلەن راستچىللىق ۋە توغرىلىقنىڭ پايدىسى، يالغان سۆزلەش ۋە ناتوغرىلىقنىڭ زىيانلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئىلىم، ئىلىم ئەھلىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، كىشىلەرنى ئىلىم ئېلىشقا، ئالىملارنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرغان نەۋائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

«ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ ئون بىرىنچى بابىدا:

ئىلىم نەۋائىي، ساڭا مەقسۇد بىل،
ئەمدىكى ئىلىم ئولدى، ئەمەل ئەيلەگىل.

دەپ ئىلىمنى ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن باغلايدۇ ھەمدە ئىلىمنى شەخسىي ئىنتىلىش يولىغا سەرپ قىلغان كىشىلەردىن غەزەپلىنىپ:

ئىلىمنى كىم ۋاستەن جاھ ئېتەر،
ئۆزىنىيۇ، خەلقىنى گۇمراھ ئېتەر.

دېگەن.

نەۋائىي ئۆز دەۋرىدە ئىلىم ئېلىشنىڭ نەقەدەر مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنىڭ خارلانغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ.

يەنە نەۋائىي بۇ ئەسەردە ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى تەكىتلەيدۇ. ھەقىقىي ئىنسان ئەل - يۇرتقا پايدا يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىش، قول كۈچى ياكى مەبلىغى بىلەن، شېرىن سۆزى ۋە مەسلىھەتى بىلەن مەدەت بېرىشى لازىم. بۇنداق كىشى ئۆزگىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى چاغدا ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزگەن بولىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر نەۋائىينىڭ يارامسىز ئىللەت، ئادەت ۋە

خۇلقلارنى شەپقەتسىزلەرچە قارىلىشى، ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى هارماي ـ تالماي تەرغىب قىلىشى شۈبهىسىزكى، زور ئەهمىيەتكە ئىگە.

«هەيرەتۇل ئەبرار» ئوبراز سىستېمىسىنىڭ خاراكتېرى داستاننىڭ ژانىر خۇسۇسىيەتلىرى ۋە كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن باغلانغان. «هەيرەتۇل ئەبرار» مەسىلىلەرنى سۆزبەت بايانى ئارقىلىق ياراتمايدۇ. بۇ جەهەتتىن قارىغاندا ئۇ «خەمسە»نىڭ باشقا داستانلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. «هەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى زور ئېپىك ئوبراز يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا قارىماي، «هەيرەتۇل ئەبرار» دا كۆپ ۋە خىلمۇخىل ئوبرازلار، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە مەنسۇپ بولغان، تۈرلۈك خاراكتېردىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي، هەجۋىي ۋە مەجازى ئوبرازلار بار. بۇ ئوبرازلارنى داستاندىكى مەسىلىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى، ئەسەر كومپوزىتسىيىسىدىكى ئورنىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى، داستاننىڭ باش قەهرىمانى؛ ئىككىنچى، بابلاردىكى تەسۋىرىي ئوبرازلار، پورترېت ۋە خاراكتېرلار؛ ئۈچىنچى، هېكايە ۋە مەسەللەردىكى ئېپىك ئوبرازلار.

«هەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ باش قەهرىمانى نەۋائىينىڭ ئۆزى. ئەسەر مۇقەددىمىسىدىن خاتىمىسىگىچە شائىر ئوبرازى كىتابخاننىڭ دائىملىق هەمراهى، بۇ ئوبراز ئاخىرىدا كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلۇغۋار بىر گەۋدە بولۇپ نۇرلىنىدۇ.

قىزىم، ئەمدى سىزگە «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىكى ھېكايەتلەرنى بايان قىلىپ بېرەي. بۇ ھېكايەتلەر ئەسىرلەر داۋامىدا تاۋلانغان ھەم قىزىقارلىق ھەم پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ھېكايىلەردۇر. ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئىككىمىز شۇ ھېكايە ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىمىز.



www.uyghurkitap.com

# ئىككى ۋاپادار دوستنىڭ ھېكايىسى

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۆت دۆلەتنىڭ پادىشاھى — قۇدرەتلىك خان ئەمىر تېمۇر كوراگانى ئەتراپتىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ھىندى دىياردا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. دەۋران غەلىبە - نۇسرەتنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ. شاھ «ئومۇمىي قىرغىن قىلىنسۇن» دەپ يارلىق قىپتۇ. ھەركىمشى ئۆز ئالدىغا قىرغىنغا ئاتلىنىپ، كېسىلگەن باشلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ. پۈتكۈل دەشتنى جەسەت قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قىلىچلار يالتىراپ، گويا قىيامەت قايىم بوپتۇ.

جەڭ بولۇۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىنغا دۇچ كەپتۇ - دە، بىر نۆكەر ئۇلارنىڭ بىرىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ. ئۆز دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن ئۇنىڭ دوستى بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ:

— ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا، ئۇنى چاپما، مانا بۇ باش ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ، — دەپ نۆكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ. نۆكەر بۇنى چاپماق بولۇپ يۈزلەنگەن ئىكەن، ئۇنىڭ دوستىمۇ ئاشۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قايسىسىنى چاپاي دېسە، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى

قاتىلنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. نۆكەر غەزەپلىنىپ ئىككىلىسىنى چاپماق بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسىسىغا يۈزلەنسە يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاۋۋال مېنى چاپ، مەن كۆزۈمنى يۇمغىچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن! — شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىر دەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ، ئۆز بوينىغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ.

ئارىدا خېلى بىر زامان تالاش - تارتىش بوپتۇ، بۇنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى دوستنىڭ بىر - بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىنمۇ كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ تەسىرلىنىپ، ئەلنىڭ قېنىدىن كېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ خاسىيىتىدىن ھەم ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ ھەم خەلقنى قىرغىندىن خالاس قىپتۇ.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەپتۇ:

ئەي نەۋائىي، تەڭرى ساڭا دوست بەرسە، سەنمۇ ئۇنىڭغا بېشىڭ بىلەن جېنىڭنى پىدا قىل. ئەي ساقىي، سەن ماڭا ۋاپادار دوست بولساڭ قەدەھ سۇن، جان تۇمشۇقۇمغا كەلدى، ماڭا داۋا قىل، باشتا قىلغان ۋەدەڭگە ئەمدى ۋاپا قىل.

بۇنىڭغا لايىق مۇنداق نەزم پۈتكەن:

بەس كىشىگە ئۆمر خۇشى يار ئېمىش،
ئۆمر دېگەن يارى ۋەفادار ئېمىش.

ياركى ئايىنى ۋەفا يوق ئاڭا،
شەم كىبىدۇركى زىيا يوق ئاڭا.

شۇنداق قىزىم، بۇ ھېكايىدە ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ ماھىيىتى، خاسىيىتىنى كۆچەيتىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ۋاپادارلىقى تۈپەيلى ئەمىر تېمۇرنىڭ قەتلى قىلىشىدىن ئامان قالغان ھىندىستانلىق ئىككى ۋاپادار يار ھەققىدە ھېكايە قىلىندۇ.

ئادەم ئۆمرىدە دوست ـ يارانسىز ياشىمايدۇ. ئەگەر دوست ـ يارانسىز ياشىدى دېسەك، ئۇنداق ئادەم چوقۇم بىنورمال ئادەم بولغان بولىدۇ. نورمال ئەقىلگە ئىگە، ئەقلىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھاياتنى سۆيىدىغان ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىنىڭ چوقۇم دوستى بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىدە «پۇلۇڭ مىڭغا يەتكىچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دەيدىغان ھېكمەتلەر بار. ياخشى دوست جانغا جان، ئەقىلگە قانات قوشىدۇ. ياخشى دوستنىڭ تەربىيە ـ تەۋسىيىلىرىنى كۆيلەپ قەلەمنىڭ رېڭى توشمايدۇ. ئاددىيسى كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇشتىن باشلاپ جېنىڭغا تىغ تەگلەنگەنگە قەدەر ياخشى دوستنىڭ ياردىمى بىزنى ئاجايىپ سۆيۈملۈك ۋاپا بېغىغا باشلايدۇ. جېنىڭنى سۆيۈندۈرىدۇ. قەلبىڭگە خاتىرجەملىك ۋە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەمما قىزىم، يامان دوستتىن بەك قاچقىن. يامان دوست خۇددى ئىبلىسقا ئوخشايدۇ. ئىبلىس ئادەمنىڭ قانداق

دۈشمىنى بولغان بولسا يامان دوستمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. خەلقىمىز بۇ ھەقتە «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەندەك ھېكمەتلىك ماقال-تەمسىللەرنى قالدۇرغان. يامان دوستتىن ۋاپا كۈتمەك خۇددى تېرەكتىن نەشپۈت كۈتكەندەكلا بىر ئىش. يامان دوست چوقۇمكى نەپ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. سەندىن نەپ كەلمىسە سېنىڭ ھەرقانچە ۋاپا ساداقىتىڭگىمۇ قارىماي سېنى تاشلايدۇ. ھەتتا سېنى قۇربانلىق قىلىپ ئۆمۈرلۈك داغدا قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. يامان دوستنىڭ زىيانكەشلىكىنى بايان قىلىشقىمۇ تىلنىڭ نېمى قالمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ «پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى تولا» دېگەن ماقالمۇ دەل جايىدا ئېيتىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ باشتا ئېيتقان «پولۇڭ مىڭغا يەتكىچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دېگەنگە قارشى كەلمەيدۇ. ئەخمەق ئادەمنىڭ پەقەت ئەخمەقلەردىنلا دوستى بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنداق دوستنىڭ پىياز پوستىدەكلا تېز سويۇلۇپ كېتىشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

قېنى قىزىم، ئېيتىپ بېقىڭا، سىزنىڭ دوست ۋە ۋاپا ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىز قانداق؟

— ئەسلى بۇ توغرىدا ئانچە كۆپ بىلمەيتتىم. ماڭا يېقىن كەلگەن، مېنى ياقتۇرغان، ماڭا يېقىنچىلىق قىلغانلارنىلا دوست دەپ بىلگەن ئىدىم. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوستلۇقنىڭ ئۇنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى دوست تۇتسام ماڭا يېقىنچىلىق

قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، ئۇنىڭ ساداقىتىنى دوست تۇتىمەن.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، قىزىم، بەك ئەقىللىقكەنسىز. ئېيتقىنىڭىز توغرا، سىزگە يېقىنلاشقانلار مەلۇم نەپىنى كۆزلىشى، سىزگە ھەقىقىي دوستلۇقنى بىرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ئۈمىدسىزلەنمەڭكى، سىز قەلبىڭىزنى قانچە پاكلاپ، ئۆزىڭىزنى قانچە پاكىز تۇتسىڭىز، باشقىلارغا سەممىيىتىڭىز بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىڭىزدا ھەرگىزمۇ ساداقەتلىك دوست يېنىڭىزدا ھامان پەيدا بولىدۇ.

— ماقۇل، رەھمەت دادا، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن. دوستلۇقنى باشقىلاردىن ئەمەس ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭ قەلبىدىن ئۈمىد قىلىمەن.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، قىزىم. ئازغۇنلۇقتىن سىزگە پاناھلىق تىلەيمەن. ئەمدى تۆۋەندە قانائەتچانلىق بىلەن تەمەخورلۇق بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي.

## قانائەتچان يىگىت بىلەن تەمەخور جاھانكەشتىنىڭ ھېكايىسى

ئىككى دوست پارس يۇرتىدىن چىن مەملىكىتى تەرەپكە سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى قانائەتچان، يەنە بىرى بولسا ھەددىدىن تاشقىرى تەمەخور ئىدى. ئۇلار كۆپ يول يۈرۈپ، ئۆز

يولىدا يېرىمى يەرگە كۆمۈلگەن بىر چوڭ تاشنى ئۇچراتتى. تاشنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغان يۈزىگە: «كىمكى بۇ تاشنىڭ يەنە بىر يۈزىنى ئۆرۈپ ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇسا، بۇ ئەتراپتا بىر ۋەيرانىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاي ۋە بۇ ئەمگەك مۇشەققىتىنى تارتسا، ۋەيرانە ئاستىدىكى ھەددى- ھېسابسىز خەزىنىگە ئىگە بولغاي. كىمكى بۇ ئەمگەك مۇشەققىتىدىن ئۆزىنى تارتسا، ئۇنىڭغا قانائەت خەزىنىسى ھەممىدىن ياخشىراقتۇر» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان ئىدى. بۇنى ئوقۇغان تەمەخورنىڭ تەمەخورلۇق ئىشتىھاسى قوزغىلىپ، خەزىنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىشىنى بىلىدى ۋە تاشنىڭ تۈۋىنى قېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

قانائەتچان يىگىت بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قىلچە پەرۋا قىلمىدى ۋە: «قانائەت خەزىنىسى ماڭا ھەمراھ» دەپ بۇ يەردىن كېتىپ قالدى. تاڭ ئاتقىچە يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە ئۇلاشتى. بۇ شەھەر خەلقىدە مۇنداق بىر رەسىم-يوسۇن بار بولۇپ، ئەگەر پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇنى كىشلەرگە ئۇقتۇرماي تۇرۇپ، كىمكى سەھەردە بىرىنچى قېتىم شەھەرگە كىرسە، شۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزاتتى ۋە بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ، قولىغا ئۇزۇك سالاتتى. بۇ ئامەت دەل ئاشۇ قانائەتچان يىگىتكە نېسىپ بولۇپ، شاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتتى.

خەزىنە تەمەسىدە بولۇپ جاپا تارتقان دوستىنىڭ ھالى مۇنداق بولدى: ئۇ جېنىنى قىيناپ، تاشنىڭ يەنە بىر يۈزىنى ئۆرىدى ۋە ئۇنىڭغا ئويۇلغان مۇنداق خەتلەرنى ئوقۇپ بارمىقىنى

چىشلىدى: «خام تەمە كىشى دۇنيادا دەرد– ئەلەمدىن قۇتۇلمىغاي». شۇنداق قىلىپ بىرى قانائەتتىن تاج كىيدى، يەنە بىرى بولسا تەمەخورلۇق كاساپىتىدىن خارلىققا دۇچار بولدى.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەپتۇ:

نەۋائىي، باشقىلاردىن پۇل–مال تەمە قىلما، ئۆزۈڭدە بولسا، باشقىلارغا بەرسەڭ، بۇ ياخشىلىق جۇملىسىدىندۇر. ئەي ساقىي، مەن سەندىن ئىنساپ، قانائەت تەمە قىلدىم، كىشى تەمە قىلغان نەرسىنى ساپ كۆڭۈل كىشىلەردىنلا ئالالايدۇ، بىر قانائەت شارابىدىن ئوتلام بېرىپ مېنى شادلىق يولىغا سال، قانائەت مەملىكىتىگە پادىشاھ قىلغىن.

قىزىم، قانائەت ئادەم ئۈچۈن يېمەكلىكتىنمۇ مۇھىمدۇر، يېمەكلىك بىلەن قورساق يا تويىدۇ ياكى تويمايدۇ، ئەمما قانائەتسىز كىشىنىڭ قورسىقى تويىدىغانلىقىمۇ تويمايدۇ. بىر زاتى مۇبارەك دانا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «قورساقتىن ئىبارەت بۇ قاچىنى قانائەتتىن ئۆزگە تولدۇرىدىغان نەرسە يوق»، «بىر قىسمىغا تاماق، بىر قىسمىغا سۇ، بىر قىسمىغا قانائەت بىلەن قورسىقىڭنى تويغۇز»، « قۇياشنى ئېتەك بىلەن يۆگەشكە ئۇرۇنىدىغان ئادەمنىڭ يەتتە ئۈچىيى بولىدۇ. ھەممە يېرىدىن ياخشىلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ بولسا بىرلا ئۈچىيى بولىدۇ.»

دەرھەقىقەت، ئادەم چوقۇم قانائەت مېۋىسى بىلەن

ئوزۇقلىنىشى كېرەككى، ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇقنىڭ چۆللىرىدە ئېزىقىپ قېلىشتىن پاناھ تىلىشى كېرەك. ئاچ كۆزلۈك خۇددى قاغجىراق چۆلگە ئوخشايدۇ. چۆلنىڭ تەشنالىقى قانسىمۇ قاندۇكى، تەمەخور كىشىنىڭ تەشنالىقى مەڭگۈ قانمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بۇرۇنىسىدا بىر پاقا بولغانىكەن. ئۇ پاقىنىڭ ئويلايدىغىنى ھەمىشە ئوڭدا يېتىپ يېيىشلا ئىكەن. ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي، ئىشلىمەي يېتىپلا يېيىشنى، ھەممە ھايۋانلارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئىشلىشىنى ئويلايدىكەن. بىر كۈنلەردە تەڭرى ئۇنى ئاشۇ ئارزۇسىغا قاندۇرۇپتۇ. دېگەندەك پاقا ئوڭدىسىغا ياتىدىكەن. يەر يۈزىدىكى بارچە ھايۋانلار ئۇنىڭغا ئىشلەيدىكەن. بۇيرۇغىنىنى قىلىدىكەن. ھېچكىم ئۇنىڭ سىزىغان سىزىقىدىن چىقمايدىكەن. شۇ تەرىقىدە ئۇ شۇنداق ھۇزۇر بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۆرۈلۈپ ئالدىغا ئەكەلگەن يېمەكلىكنىمۇ ئۆزى يېيىشتىن ئېرىنىپ، ئاغزىغا سېلىپ قويغاننى يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئوڭدا يېتىپ يەۋەرگەچكە ئۇنىڭ دومبىسى تۈپتۈز - ياپىلاق بولۇپ، قورسىقى يوغىناشقا باشلاپتۇ. يوغىناپ، يوغىناپ ئاخىرى ھەرقانچە ئۆرۈلەي دېسىمۇ ئۆرۈلەلمەيدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. ئاپئاق قورسىقىنى سىيلاپ، پوكىنىنى لىپىلدىتىپ يېتىشنىلا بىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا باشقا ھايۋانلارمۇ بۇ ئۆرۈلۈپ رۇسلىنالمايدىغان ھايۋاندىن قورقمايدىغان، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاقىنىڭ ھالى خاراب، ھەتتا يېگىلى ھېچقانداق

نەرسىمۇ ئۇچرىمايدىغان، كۆن بويى يېتىپ يېگەنگە پۇشايمان قىلىپ ئاچ قورساق يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى ئامال بولماي ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن پاشا، چىۋىنلەرنى بىر ئاماللاپ تۇتۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەمما بۇنداق تەلەيمۇ ئۇنىڭغا ھەمىشە كېلىۋەرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇچقان پاشا ـ چىۋىنلەرنى خېلىلا كۈچەپ ھەرىكەتلىنىپ ئاندىن تۇتۇپ يەيدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەم ئاچلىق، ھەم ھەرىكەت نەتىجىسىدە ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. ئاخىرى رۇسلىنىپ، ئۆزى ھەرىكەتمۇ قىلالايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەمما ھەمىشە يۇقىرىغا ئىنتىلىپ، پاشا ـ چىۋىن تۇتۇپ يەيدىغان بولغاچقا، مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ سەكرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

قىزىم، بۇ ھېكايىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

ـــ دادا، بۇ ھېكايە تولىمۇ قىزىقارلىقكەن. مەن بۇنىڭدىن ئادەم ھەمىشە راھەتپەرەسلىككە بېرىلمەسلىكى كېرەك، دېگەن مەنىنى ھەم كىشىنىڭ بىر ياخشى ئوزۇقى قانائەت بولسا ئادەم ئۆزىنىڭ قەدر ـ قىممىتىنى يەنىمۇ تونۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

ـــ ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، قىزىم. ئەمدى سىزگە ئېيتىدىغىنىم، ھەمىشە قانائەتنى ئۆمرىڭىزگە يار قىلىڭكى، ئاچ كۆزلۈكتىن، تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىڭ، تەمە قىلىسىڭىز، ياخشىلىقنى، بىلىمنى تەمە قىلىڭكى، ئۆمرىڭىزنىڭ تراگېدىيىسىنى يازىدىغان ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى تەمە قىلماڭ. تەمە دېگەن چوقۇمكى، ئادەمنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى يەر

بىلەن يەكسان قىلىدۇ. قانائەت بولسا ھەرۋاقىت ئادەمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدۇ.

— سۆزىڭىزنى ھەردائىم ئېسىمدە تۇتىمەن، دادا.

— ئەمىسە تۆۋەندىكى ئادىللىق توغرىسىدىكى ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ، قىزىم.

## ئادىل شاھ ھېكايىسى

بەختىيار بىر شاھ بار ئىدى. ئۇ تاجۇتەخت ئېلىش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى يۈزمىڭ كىشى بىلەن چەت ـ ياقىلاردا ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ، گاھى خارەزمگە قەدەم باسسا، گاھى ئىراقتا بولاتتى. تېگىدىن ئامەتلىك بولغاچقا، تەڭرى ئۇنىڭغا جاھاندارلىق ئاتا قىلدى. ئادالەت ئىشىكىنى ئەلگە كەڭ ئېچىپ، تەخت ئۈستىدە دادخاھلىق قىلدى. ۋەيرانىلەرنى تۈزەپ ئاۋات قىلدى، ئادالەتنى جارى قىلىپ، زۇلۇمنى چەكلىدى. قاتتىق سىياسەت ئارقىلىق يامانلارنى تۈزەتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ سەيلىگە ئاتلانغان پەيتتە بىر ئاجىز موماي كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلدى ـ دە،نالە ـ پەرياد چېكىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي شەرىئەت پاناھ شاھ، ئەگەر ئادالەت ئېتىبارغا ئېلىنسا، مەن بۈگۈن سېنىڭ بىلەن شەرىئەت ئالدىدا دەۋالىشىمەن، شەرت شۇكى، قەھر–غەزەپ قىلماي، مەھكىمەئى شەرئىدە جاۋاب بەرگەيسەن.

— ئەگەر دەۋايىڭ بولسا، — دېدى شاھ، — جىنىمغا تاقالسىمۇ، شەرىئەت بۇيرۇسا جان بېرىشكە تەييارمەن، — گەپ شۇنداق بېكىتىلدى – دە، ئۇلار قازىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، بىر - بىرىگە ياندىشىپ ئولتۇرۇشتى. كىشىلەر بولسا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. بۇ چاغدا گويا زال بىلەن رۇستەم ئۇستىگە ئالەم ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى.

— پادىشاھ چەت - ياقىلاردا بولغان چاغلاردا، — دەپ سۆزىنى باشلىدى موماي، — قىلىچ يالىڭاچلاپ، قوشۇن تارتىپ يۈرەتتى. مەن تۇلنىڭ بىر جىگەر پارەم بار بولۇپ، ئۇ مېنىڭ باغرىم زېمىنىدا ئۈنگەن بىر تال باشاق، بېغىمدا ئۆسكەن گۈزەل سەرۋى دەرىخى، قۇرۇق شېخىمدا ھاسىل بولغان بىر تال مېۋە ئىدى. شاھ قىلىچى ئاشۇ جىگەر پارەمنى ھالاك قىلىپ، باغرىمنى تىلدى، جىگىرىمنى يىرىپ، قېنىنى يەرگە تۆكتى.

— بۇنىڭغا ئىككى گۇۋاھچى كەلتۈر، ھۆكۈم شۈبھىسىز بولغاي، — دېدى قازى.

— ئىككى گۇۋاھچى كەلتۈرسەم كەلتۈرەي، ئۇنىڭ ئۆز ئادالىتى بىلەن ئىنساپىلا يېتەرلىك ئىدى، – دېدى موماي ۋە ئىككى گۇۋاھچى كەلتۈردى. شاھ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. قازى ئادالەتكە مۇناسىپ ھالدا:

— بۇنىڭغا يا مال، يا قىساس لايىقتۇر، — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

— شەرىئەت شۇنداق بىر تەرەپ قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە جېنىم پىدا، — دېدى شاھ ۋە ئۆزىنىڭ بوينىنى

ئارغامچا بىلەن باغلاپ، يۈز ھەميانىنىڭ ئاغزىنى يەشتى. بىر تەرەپتىن قىلچە ۋەھىمە قىلماي موماينىڭ قولىغا قىلىچ تۇتقۇزۇپ، يەنە بىر يانغا ئالتۇن – كۈمۈش تۆكتۇردى.

— ئەگەر، — دېدى شاھ يەنە، — قىساس ئالماقچى بولساڭ، بېشىم ئايىغىڭدا تۇرۇپتۇ، ئالتۇن – كۈمۈش ئېلىشنى خالىساڭمۇ ئىش رايىڭچە بولسۇن. ئەينى چاغدا ئۇنداق قىلماسلىق ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى، مانا ئەمدى نېمە قىلساڭ ئىختىيار سەندە .

بۇ خىل ئادالەت ۋە ئىنساپنىڭ شىددىتىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن موماي قىلىچنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ زەخىملىك چىشىدەك گال قىلدى ۋە شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۆزرە بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، ئوغلۇم سېنىڭ ئالدىڭدا جان پىدا قىلغان بولسا، مېنىڭ قېرى جېنىممۇ ساڭا قۇربان بولسۇن، ئىلتىپات قىلىپ، مېنى ئەپۇ قىلغىن.

ئاھ، بۇ نېمىدېگەن خىجالەت، ۋاھ، بۇ نېمىدېگەن ئادالەت؟! موماي دەۋا ـ دەستۇرىدىن، دەۋا ـ دەستۇرىدىن ئەمەس بەلكى ئوغلىنىڭ قېنى ۋە ئۆز جېنىدىن كەچتى، ئادىل شاھ بولسا ئۇنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن باي قىلدى، ئالتۇن ـ جاۋاھىرلاردا يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن ئاسماندەك گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەپتۇ:

ئەي نەۋائىي، پەلەكتىن قانچە ئەلەم كۆرسەڭمۇ شاھنىڭ ئادالىتى بولسىلا، نېمە غەم. ئەي گۈل يۈزلۈك ساقىي، ئادالەت شارابى كەلتۈرگىن، قارا، ئادالەت قانداق گۈللەرنى ئاچىدۇ؟ ئادالەت جامىنى سۇن، ئۇنى ئادىل دەۋرانىنى ياد قىلىپ، خۇشاللىنىپ ئىچەي!

«ھەيرەتۇل ئەبرار» دا يەنە بۇ ھەقتە:

ئۆلكى زەرەر شىۋەسىنى تەۋر ئېتەر،
ئەلگە دېمەكىم، ئۆزىگە جەۋر ئېتەر.
ئۆلكى ئۇشەتۇر باسىب شىشەنى،
قىلمەس ئەياغ زەخمىدىن ئەندىشەنى،
كىمكى فەلەك سارى ئاتار تاشنى،
تاش ئىلە ئازۇردە قىلۇر باشنى...

دېيىلگەن.

قىزىم، ئاڭلاپ تۇرۇپسىز، ئادالەت ھامىيسى بولغان باشلىق ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئىنساپى، ئادالىتى بەكمۇ مۇھىمدۇر. قىزىم، ھەرقانداق بىر قەھرىماننى دەۋر ۋە شارائىت يېتىلدۈرىدۇ. ھەربىر ئادەمگە ئۆز زامانى ھەرخىل پۇرسەتلەرنى بېرىدۇ. گەپ شۇ پۇرسەتلەرنى ئۆزىنىڭ كامالىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يەنە ئادەمدە شۇنىڭغا يارىشا ئەقلىي ئىقتىدار ۋە يېتۈك جاسارەت بولۇش كېرەك. بەزىلەر ئۆزىگە نېسىپ بولغان شۇنچە ئەۋزەل پۇرسەتلەرنى قۇرۇق ھەۋەس شامىلىدا ئۇچۇرۇپ،

قىممەتلىك ئۆمرىنى مېۋىسىز ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆزىگە هاكىم بولالىغاندا زامان شۇ ئادەمگە هەم پۇرسەت، هەم پۇرسەت يارىتىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ. نادانلىق كۆز ئالدىدىكى قۇلنى ئۇزاتسىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان مۇۋەپپەقىيەت ئەنگۈشتىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ دەپ بىر ئۇلۇغ بوۋىمىز بولىدىغان، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دېگەن شاهانە ئەسىرىدە بىزگە تەلىم بېرىپ: «بەخت كېلىدۇ، ئەگەر تۇتۇشنى بىلمىسەڭ يەنە كېتىدۇ. بىر كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىگە هەرگىز ئېرىشكىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى.

بىر دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىلمىي ساپاسى بىلەنلا ئۆزىنىڭ نۇرانە جامالىنى يۈز كۆرسەتمەيدۇ. ياخشى بىر ئىلمىي مۇهىت پۇقرالارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىلىم سۆيەرلىكى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان ئىنتىلىشى ناهايىتى يۇقىرى.

— قىزىم، ئىنسانلىق باشقا، ئىنساندەك ياشاش بۇ يەنە باشقا مەسىلە، ئىنسانىيلىق قىلىدۇق، دەپ ئادىمىيلىكىنى پايخان قىلىپ ياشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئەمما ئۇلار هامان تارىخنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، نەپرەت تۈكۈرۈكلىرىنىڭ كەلكۈنى ئىچىدە هالاك بولىدۇ. شۇڭا ئاشۇنداق كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز كېرەك. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم دادا، مەن چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۆز كۈچۈمگە،

ئەقلىمگە تايىنىپ ياشايمەنكى، قۇياشنى ئېتەك بىلەن توسۇشقا ئۇرۇنىدىغان نادان بولمايمەن. ئىنسان ئالدىدا سارغىيىدىغان ئاجىز بولۇپ قالمايمەن.

— بارىكاللا قىزىم، ئىرادىڭىزنىڭ گۈللىرى خۇشبۇي ئېچىلغاي. ئەمدى تۆۋەندىكى سېخىيلىقنىڭ ئۈلگىسى بولغان ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ.

## ھاتەم تاي ھېكايىسى

بىر ساپ كۆڭۈل كىشى ھاتەمدىن سورىدى:

— ئەي ھىممەتتە تەڭداشسىز كىشى، ھەر قەدەمدە سېخىيلىق قىلىش سىنىڭ ئادىتىڭدۇر، سەن ئۆزۈڭگە ئوخشاش يەنە بىر كىشىنى ئۇچراتتىڭمۇ؟

ھاتەم مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بىر كۈنى تەنتەنىلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇ يەرگە پۈتكۈل دەشت ئاھالىسىنى چاقىردىم، ئاش ئۈچۈن يۈز تۆگە سويۇلغان بولۇپ، قوي–قوزىلار ھېسابسىز ئىدى.بىر پەس ھاۋالىنىش ئارزۇسىدا بەزمىدىن چىقىپ، دەشت تەرەپكە باردىم. ئۇ يەردە جاپا ـ مۇشەققەتكە ئەسىر بولغان بىر كىشىنى كۆردۈم.ئۇ بىر قۇچاق تىكەننى يۇدۇۋالغان بولۇپ، ئېغىر يۈك ئۇنىڭ ۋۇجۇد ئۆيىنى سىڭايان قىلغان ئىدى، قولىدىكى ھاسىسى ئاشۇ خاراب ئۆينى يۆلەپ تۇرغان تۈۋرۈكتەك كۆرۈنەتتى. قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ، ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئۇنى

www.uyghurkitap.com

كۆيدۈرگەن مۇشەققەت ئوتى باغرىمغا تۇتاشتى. مەن مېھىر ـ شەپقەت بىلەن ئۇنىڭغا دېدىمكى: «ئەي جاپا يۈكى قەددىنى ئېگىپ، جىسمىنى غەم ـ قايغۇ تىكەنلىرى يارا قىلغان كىشى، مۇشۇ دەشتتە يۈرۈپ خەۋىرىڭ يوقمۇ، ھاتەمنىڭ ئۆيى تەرەپكە نەزەر سالمىدىڭمۇ؟ ئۇ بۈگۈن ئاجايىپ پاراۋان مەرىكە تۈزۈپ، ياخشى ـ يامانلارنىڭ ھەممىسىنى مېھمان قىلدى. تىكەننى تاشلاپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرۈشنىڭگە يەت، مۇشەققەت چەكمە، چاقىرغان يەرگە بار». ئۇ مەندىكى بۇ تاقەتسىزلىكنى كۆرۈپ، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى: «ئەي ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ پۇتىغا كىشەن، بوينىغا سىرتماق چۈشكەن، غەيرەت ۋادىسىغا قەدەم باسمىغان، ھىممەت قورغىنىغا بايراق تىكلىمىگەن كىشى، سەنمۇ بىر تىكەننىڭ مۇشەققىتىنى چەككىنكى، ھاتەمنىڭ مىننىتىگە قالما. باشقىلار بەرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن جاپا تارتىپ تاپقان بىر تىيىن ياخشىراق». كۆركى، ئۇنىڭ سۆزى تولىمۇ جايىدا بولۇپ، ھىممىتى مېنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىدى.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەپتۇ:

ئەي نەۋائىي، ئەگەر سەندە ھىممەت بولسا، ھاتەممۇ سېنىڭ ئالدىڭدا قۇلدۇر. ئەي ساقىي، ئىلتىپات كۆرسىتىپ قەدەھ تۇتقىن، مال ـ دۇنيانى بولسا ھاتەمدە جىلۋىلەندۇر. مەندە سېخىيلىق روھىنى ئېلىشقىمۇ پۇل يوق، يوقسۇزلۇق مەندىن، سېخىيلىق سەندىن بولسۇن.

يەنە ھەزرەت نەۋائىي «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا بۇنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:
شائىر داستاندىكى مىسرالارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان چەكسىز مەنىلەر ئىمكانىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ مۇتەسەۋۋۇپىغا خاس ئالەم ۋە مەۋجۇدىيەت قارىشىنى، سېخىيلىقنىڭ پەللىسىنى ئىپادە قىلىدۇ ھەمدە بۇنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «كۈچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىلىپ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەقىشلەر دەممۇدەم يوقىلىپ، يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن بۇ ھادىسىگە ياخشى نەزەر سالساڭ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. چۈنكى، ئۇ ھامان دېڭىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر. ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىز ھەق ۋۇجۇدىدىن ئاددىي بىر نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا بۇ ئالەمدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەردۇر. مەنە ئەھلىلىرى ئىبتىراپ قىلىدىغان بۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن مەۋجۇتلۇق بولۇپ، شەكىل جەھەتتىنلا كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر... ئەگەر ھەر بىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن تائەبەدكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل كۆرۈنۈشىگىلا ئىگە.» شۇڭا بۇ دونيادا

ئادەم مەردلىكنى قورال قىلىپ ياشىشى كېرەككى، خەسىسلىك بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈن ئادەمگە قىيىن كۈندۇر.

بىر ئادەم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئىشلەپ قانچە ئىگىلىك تىكلىسىمۇ ئۇنىڭ تاپقانلىرى ئۆزىگە ئەسقاتمايدۇ. بەلكى بىر ئېغىر كېسەللىك تۈپەيلى ئاشۇ مۈلكىدىن ھېچقانچە ئىشلەتمەيلا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ مۈلكى نەگە بارىدۇ؟ ئۇنىڭ مۈلكى پەقەت تىرىكلەرنىڭ ئۇ پىخسىق باي ئۇستىدىن گەپ تېپىشىشىغىلا يېتەرلىك دەسمايە بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بايلىقى تۈپەيلى ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. ئەمما بايلىقنى يولىدا سەرپ قىلىپ، مەردلىك بىلەن ئۆتكەن ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ مەردلىكى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئانچە ئۇزاق قالمايلا بىللە بارىدۇ. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ مەرد ـ سېخىيلىق تەۋسىيىسىنى قىلىدۇ.

سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە يەنە مۇنداق ھېكايەت بار.

بۇرۇنقى زاماندا كەڭرى كەتكەن ۋادىدىكى بىر يېزىدا بىر پىخسىق باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ پىخسىقلىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، قانچىلىغان ساڭلاردا ئاشلىقلىرى لىق تولۇپ، كۆكىرىپ تۇرسىمۇ يوقسۇللارنىڭ چاڭگىلىغا بىرەر تال داننىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا چىدىمايدىكەن. ئەگەر چاشقان بىر تال داننى ئېلىپ قاچقۇدەك بولسىمۇ ھەممە خىزمەتكارلىرى بىلەن شۇ چاشقاننى تۇتۇشقا يۈگۈرەيدىكەن. ئۆيىدىكى خىزمەتكارلارغىمۇ ھەق تۆگۈل تويغۇدەك تاماقمۇ بەرمەيدىكەن. يېزىدىكى كۆپىنچە

دېھقانلار شۇ باينىڭ يىللىقچىلىرى بولسىمۇ، باي ئۇلارنى زىيادە شۈلىۋەتكەن بولغاچقا، ھەممىسى كۈنىنىڭ تەسلىكىدىن قاقشايدىكەن.

باينىڭ مەمەت ئىسىملىك بىر يىللىقچىسى بولۇپ، ئۇ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي تولىمۇ چاققان، ئەقىللىق يىگىت ئىكەن. ھەمىشە ناخشىسىنى دۆڭ تووۋلاپ، ئېتىزلىقتىن كەلمەيدىكەن. باشقىلار ئۇنىڭ شۇنداق يېنىك چاققانلىقىغا قاراپ ئۇنى مەمەتقۇش دەپ ئاتىشىدىكەن. مەمەتقۇش ئاق كۆڭۈل بولۇپلا قالماي، دېھقانلارنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرى، تارتىۋاتقان ئاچارچىلىق دەردلىرىگە تولىمۇ ئىچ ئاغرىتىدىغان كۆيۈملۈك يىگىت بولغاچقا، بايدىن ئوغرىلىقچە ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە ئوزۇقلۇق قىلغىلى بۇغداي ـ قوناق بېرىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا دېھقانلار بۇ ناۋاكەش يىگىتكە بەكلا ئامراق ئىكەن. مەمەتقۇش باينىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىنى پەرۋايىغا ئالماي ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنى يۈرگەنىكەن. باينىڭ ئايقىز ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ مەمەتقۇشنىڭ ناخشىسىغا ئامراق ئىكەن. كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ ئىككىيلەننىڭ رشتىسى چېتىلىپ قېلىپ، كۈندە كۆرۈشمىسە چىدىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئايقىز مەمەتقۇشنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىمىسا گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىكەن. مەمەتقۇشمۇ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە خۇشناۋالىق بىلەن ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە يۇرتتا شۇ قەدەر ئېغىر ئاچارچىلىق بولۇپ كېتىپتۇكى، ئادەملەر تۈگۈل ئاچارچىلىقتا پايلىمىغان قۇشلارمۇ

ئۇچۇۋاتقان يېرىدىن يەرگە پوكۇلداپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئادەملەرمۇ دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ يېتىپ ئاچارچىلىقتىن چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ ئاچلىق ئازابىدىن ئۆلۈپ كېتىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان مەمەتقۇش بىر كۈنى ئايقىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، باينىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئامبارنى دېھقانلارغا ئېچىپ بەرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېھقانلارغا يوشۇرۇن ھالدا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، يېزىدىكى ھەممە دېھقانلارنى ئاشلىق ئېلىپ كېتىشكە سەپەرۋەر قىپتۇ ۋە بىر ئاخشامدا ساڭنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپتۇ ھەم دېھقانلارنى تېز چىقارماي يەتكۈدەك ئاشلىق ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. ھەتتا ئايقىز بىلەن مەمەتقۇش ئۇلارنىڭ قاچىلىرىغا ئاشلىق ئۇسۇشۇپ بېرىپتۇ.

باي شەھەردىن قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قاپتۇ ۋە چوماقچىلىرىغا مەمەتقۇشنى تۇتۇشنى، تۇتۇق بەرمىسە كۆرگەنلا يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئېيتىپتۇ. دادىسىنىڭ بۇ رەھىمسىز بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ قالغان ئايقىز يۈگۈرۈپ چىقىپ «قۇش، قاچ! قۇش، تېز قاچ!» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. مەمەتقۇش نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە ئايقىز يەنە قۇش قاچ، دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلارمۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ «قۇش قاچ!» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. «قۇش قاچ» دېگەن بۇ سۆز ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلىنىپ ھەممەيلەن مەمەتقۇشنى قاچۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. دېگەندەك ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن چوماقچىلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ مەمەتقۇش

قېچىپتۇ، ئەمما چوماقچىلارمۇ كەينىدىن قالماي قوغلاۋاتقۇدەك، شۇ چاغدا «قۇش قاچ» دېگەن ئومۇمىي خورنىڭ ساداسى بىلەن مەمەتقۇش يېنىككىنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كىچىككىنە قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي ھەممە ئىشنى بۇزغان مۇشۇ ئايقىز دەپ ئويلاپ قىزنى تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئويلىمىغاندا ئايقىزمۇ كىچىك قۇشقا ئايلىنىپ مەمەتقۇش بىلەن جۈپ بولۇپ ئۇچۇپ قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ. ئاشىقلىرىدىن ئايرىلىپ، يۈرىكى دەرد بولۇپ قالغان باي كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇزۇنغا بارماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يەرلىرى دېھقانلارغا قاپتۇ.

ئەتىيازدا دېھقانلار ئېتىزغا بارغىنىدا بىر توپ قۇشنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئېتىزدىن يىراق كەتمەي، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى تۇتۇپ، زىرائەتلارنى يوقىتىۋاتقۇدەك، دېھقانلار بۇ پايدىسى كۆپ قۇشلارغا قارىسا ئوزاقى يىلى قۇش بولۇپ ئۇچۇپ كەتكەن مەمەتقۇش ۋە ئايقىزلارغا شۇنداق ئوخشاپ تۇرغىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ قۇشقا ئات قويماق بولۇپ، ئېسىگە بۇلتۇر ئومۇمىي خورغا ئايلانغان «قۇش قاچ» دېگەن سۆزنى ئاپتۇ ۋە بۇ قۇشقا «قۇشقاچ» دەپ ئات قويۇپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ كىچىككىنە قۇش ئېتىزلىقتا، دېھقانلارغا ھەمراھ بولۇپ، زىرائەتلارنى يوقىتىۋاتقۇدەك.

ـــ ۋاھ، دادا، بۇ بەكلا قىزىق ھېكايىكەن. ھېكايىدىكى قۇشقاچ ئوبرازى نېمىدېگەن يارقىن، پىخسىق باينىڭ ھالاكىتى نېمىدېگەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. رەھمەت سىزگە دادا، مەن

بەك خۇش بولدۇم، يەنە مۇشۇنداق ئېسىل ھېكايە بارمۇ؟
— بار قىزىم، ئەمدى نۇشىرۋاننىڭ ھېكايىسى دېگەن تۆۋەندىكى ھېكايىغا قۇلاق سېلىڭ.

## نۇشىرۋاننىڭ ھېكايىسى

نۇشىرۋان شاھلىق تەختىگە ئولتۇرماستا بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولدى. كۆڭلى غۇنچىدەك قانغا تولغان بولسىمۇ، غەملىرىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇن تۇتاتتى. ئۇ دەرد - ئەلەمنى يەتكۈچە تارتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇپ، خىلۋەت بىر چىمەندە ئۇ گۈل يۈزلۈك بىلەن سۆھبەت قۇردى. ئارزۇ قىلغۇچى كىشى ئۆز ئارزۇسىغا مەيل قىلمىدى، ئۇ گۈزەلمۇ تەسلىم بولدى. نۇشىرۋان ئۆز دىلبىرىگە قول سۇندى، دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ نەرگىس كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ غەيرىي بىر ھالغا چۈشتى–دە، قىزدىن قولىنى تارتتى. گۈزەل ھەيران بولۇپ سورىدى:
— قولۇڭنى سۇندۇڭۇ، ئارقىدىن تارتىۋالدىڭ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟
نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ:
— ئەدەپ ئۆگەتكۈچى شۇنداق قىلدۇردى، — دېدى.
مانا بۇ ئىش ۋىسال پەيتىدە يۈز بەردى، گۈزەلنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئۇنى توستى. ھايا ۋە مەردلىك بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا كۈچ



www.uyghurkitap.com

بەرمىدى. مەشۇق نەرگىس كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇرغان بولسىمۇ، ئاشىق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇنداق ساپ نىيەت بىلەن هايانىڭ خاسىيىتىدىن پۇتكۇل ئالەمگە پادىشاھ بولۇپ، ئەلدە ئادالەتنى جارى قىلدى.

بۇنىڭغا قارىتا هەزرەت ئەل ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە»، «هەيرەتۇل ئەبرار»دا مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەيش - ئىشرەت هەرقانچە كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، ئەدەپ بىلەن هايا هەممىدىن ياخشى».

قىزىم، ئەمدى نەۋائىينىڭ ئەڭ مەشھۇر بولغان «دۇرراج بىلەن شىرنىڭ هېكايىسى» نى ئاڭلاڭ.

## دۇرراج (چىل) بىلەن شىرنىڭ هېكايىسى

مەلۇم بىر جاڭگالدا قەهرلىك بىر شىر ياشايتتى. ئۇ گويا ئاسمان يولۋىسىدەك كۈچلۈك ۋە دەهشەتلىك ئىدى. ئۇ باللاش بىلەن شاد يۈرسىمۇ، باللىرىنى چۈمۈللىلەر هالاك قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنى چىشلەپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاسرايتتى. بۇ جاڭگالدا بىر دۇرراجمۇ ياشايتتى. ئۇ شىردىن ۋەهىمە يەپ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتەتتى. شىر بولسا باللىسىنى چىشىدا كۆتۈرۈپ جاڭگالدا ئۇيەردىن - بۇيەرگە مېڭىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بەزىدە توساتتىن دۇرراجنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالاتتى - دە، «پۇر...» قىلىپ ئۇچقان ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىشى باللىسىنىڭ تېنىگە پېتىپ، ئۆز چىشى

بىلەن ئۆز جىگەر پارىسىنى يارا قىلىپ قوياتتى. بۇ شىر ئۈچۈن غەم ئۈستىگە غەم، بەلكى ماتەم ئىدى. بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ، دۇرراج بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.

— مېنىڭ ساڭا ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق، — دېدى شىر دۇرراجغا، — خاتىرەڭنى جەم قىل، ۋەھىمە قىلما، ھەمدەمىم ۋە سىردىشىم بول. شاد - خۇرام چاغلاردا ناۋا سازلا، سايراشلىرىڭنى ئاڭلاپ شادلىناي، نەغمەڭ بىلەن قايغۇدىن ئازاد بولاي. شەرت قىلىمەنكى، ئەگەر ساڭا بىرەر پېشكەللىك يېتىپ، پەلەك ھىيلە بىلەن ساڭا تۇزاق قۇرسا، ياردەم قولۇمنى سۇنۇپ، دۈشمەنلىكنى بىر زەربە بىلەن تۈگىتەي. ئىخلاس يولىدا بارلىق ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ، سېنى دۈشمەننىڭ تۇزىقىدىن خالاس قىلاي، — شىر شۇنداق سۆزلەر بىلەن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، دۇرراجمۇ ساداقەت يولىدا كۆپ ۋەدىلەرنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇھەببىتى ئايان بولدى. بۇنىڭدىن ھەتتا ئۇچار قۇش ۋە ئۆمىلىگۈچى قۇرتلارمۇ ھەسەت قىلاتتى.

شىر قەيەردە ئارام ئالسا، دۇرراج شۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچاتتى. گويا ھۇما قۇشى شاھ بېشىدا ئايلانغاندەك، ئايلانغۇچى پەلەككە ئوخشاش شىرنىڭ بېشىدا پەرۋاز قىلاتتى. شىر ئۇنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، توساتتىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدە يالغانچىلىق بارلىقىنى بايقاپ قالدى، يەنى دۇرراج ھەمىشە: «ۋايجان! مەن تۇزاققا چۈشۈپ قالدىم، ئەي شىر، دوستۇم بولساڭ مېنى قۇتقۇزۇۋال!» دەپ ۋارقىرايدىكەن. شىر يۈگۈرۈپ

بارسا ئۇنداق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن شىر ئۇنىڭغا:
— يالغان سۆزلىمە، يالغانچىلىق شۇملۇقتۇر، ساختىلىق توغرىلار ئالدىدا ئېتىبارسىزدۇر، — دېدى. دۇرراج نەسىھەتكە قۇلاق سالمايتتى. يالغان داد ـ پەريادلىرىنى زادىلا پەسلەتمەيتتى.
بىر كۈنى ئۇۋچى ئۇنى تۇتماق بولۇپ تۇزاق يايدى. دۇرراج دان بىلەن سۇنى دەپ بېرىپ، ئۇۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشتى. ئۇ پەرياد كۆتۈرۈپ: «مېنى قۇتۇلدۇر! ئەي شىر، مەن تۇزاققا چۈشۈپ قالدىم، تېز كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇر!» دەپ ۋارقىرىدى. شىر بۇنى ئاڭلاپ، ئىلگىرىكىدەك خىيال قىلدى. ئۇ بۇنداق يالغاننى تولا ئاڭلىغاچقا، راستىمۇ ـ يالغان دەپ گۇمان قىلىپ، دۇرراجنىڭ داد ـ پەريادىغا زادىلا قۇلاق سالمىدى ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇرراجنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشتى.
كىمكى تەخىرسىز راست سۆزلۈك بولسا، يالغان ئېيتسىمۇ ئۇنى كىشىلەر راست دەپ ئىشىنىدۇ.
بۇنىڭغا قارىتا ئەل ئەمىر ھەزرەت نەۋائىي: «ئەي نەۋائىي، نېمە دېسەڭ راست سۆزلە، راست ناۋا ـ نەغمىگە ئاپىرىن ئوقۇ» دېگەن.
يەنە مۇنداق نەزم پۈتكەن:

سۆزدە نەۋائىي نې دېسەڭ چىن دېگىل،
راست نەۋا نەغمىغە تەھسىن دېگىل.

ساقىي ئالىپ كەل قەدەھى دىلپەزىر،
ئەيلە مېنى جۇرئەسىدىن شىرى گىر.
بەزمىنىڭ ئەسبابىنى قىلغىل نەسەق،
ھازىر ئېتىپ سىخۇ كەبابى تەبەق.

— قىزىم، بۇ ھېكايە قانداق ئىكەن؟

— تەسىرلىككەن دادا، يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بولىدىغانلىقىنى روشەن ئېچىپ بېرىپتۇ. مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھېكايىنى بىلىمەن.

– سىزمۇ بىلەمسىز قىزىم، ئۇنداقتا ئاڭلاپ باقايچۇ.

— بۇرۇنقى زاماندا ئوسمان ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ قويلىرىنى باقىدىغان بولۇپ، ھەركۈنى ئەتىگەن قويلارنى يىغىپ، كەنتكە يېقىن ئەتراپتىكى بىر تاغقا يول ئالىدىكەن. كەچ كىرگىچە قويلارنى بېقىپ ئاندىن يەنە ھەيدەپ كەنتكە قايتىدىكەن. كەنتتىكىلەرمۇ ئوسماندىن رازى بولۇپ، قويلارنى ئېلىپ ماڭغاندا ۋە ئېلىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ قويىدىكەن. بىر كۈنى ئوسمان تاغدا قوي بېقىۋېتىپ، كەنتتىكىلەرنى بىر ئەخمەق قىلىپ بېقىشنى ئويلاپ قاپتۇ ۋە «بۆرە كەلدى!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئوسماننىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغان كەنتتىكىلەر بىر دەمدىلا يىغىلىپ، قوللىرىغا ئارا، گۈرجەكلەرنى ئېلىشىپ، تاغقا چىقىپ كەپتۇ. ئەمما تاغقا چىقىپ قارىسا قويلار بەخىرامان ئوتلاپ يۈرگەن،

ئوسمانمۇ ھىجارىغىنىچە قاراپ تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن كەنتتىكىلەر ئوسمانغا بۇنداق چاقچاق قىلماسلىقنى ئېيتىپ قويۇپ، كايىشقىنىچە قايتىپ كېتىپتۇ. ئەمما ئوسمان ئۇلارنىڭ گېپىنى ئېسىدە تۇتماپتۇ. ئەتىسى يەنە كەنتتىكىلەرنىڭ تۇنۇگۇنكى ئىشى قىزىق تۇيۇلۇپ، ئۇلارنى بوگۇنمۇ ئەخمەق قىلمايمۇ دەپ ئويلاپتۇ ۋە تۇنۇگۇنكىدەكلا «بۆرە كەلدى!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ. كەنتتىكىلەر بوگۇن راستىلا بۆرە كەلگەن چېغى دەپ يەنە يىغىلىپ تاغقا چىقسا ئەھۋال يەنە تۇنۇگۇنكىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئاچچىقلاپ قايتىپ كېتىشىپتۇ. ئەمما ئوسمان ئۇلارنى ئالداشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. كۆپ قېتىم ئالدانغان كەنتتىكىلەر ئەمدى ئوسمان قانچە ۋارقىرىسىمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى راستىلا بۆرە كەپتۇ. بىر توپ بۆرە قويلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قويلارنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئەنسىزلىك ئىچىدە قورقۇپ كەتكەن ئوسمان بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ جېنىنىڭ بارىچە «بۆرە كەلدى! تاغقا راستتىنلا بۆرە كەلدى!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان دېھقانلار بۇ ئوسمان يەنە ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، دەپ قاراپ ئۇنىڭ يېنىغا چىقماپتۇ، قويلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ قىرىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئوسمان ئۆزىنىڭ يالغانچىلىق قىلغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ.

ــــ باركاللا قىزىم، بۇ چۆچەكنى سىز قەيەردىن ئاڭلىغان؟

ــــ مۇئەللىم ئېيتىپ بەرگەن، دادا.

— رەھمەت قىزىم، مېنىڭ ئوماق قىزىم ھېكايە ئېيتقۇدەك بوپتۇ. ئەمدى سىزگە ھەزرەت نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدىكى «ئىمام پەخرى رازى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ھېكايىسى» نى ئېيتىپ بېرەي.

## ئىمام پەخرى رازى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ھېكايىسى

زامان ئالىملىرىنىڭ ئىمامى فەخرىددىن رازى خارەزم دۆلىتىگە كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلمىدى. ئىلىم شۆھرىتىدىن رازىنىڭمۇ پادىشاھ ئالدىغا بېرىشقا رايى بارمىدى. شاھ ئۇياتتىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، ئىمام ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. ئارىدا كۆپ گەپ - سۆزلەر دېيىلىپ، ئاڭلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىن پەردە كۆتۈرۈلمىدى.
كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ يۇيۇنۇش ئۈچۈن ھاماماغا كەلدى. دەل شۇچاغدا ئىمامىمۇ ھامامدا ئىدى. ئىككىيلەن بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. شاھ ئىمامغا سوئال قويدى.
— ئەي ئىلمى بىلەن ئەلنى بەھرىمەن قىلغۇچى، قىيامەتتىن خەۋەر بېرىپ ئېيتقىنا، ئۇ كۈنى قانداق مالالچىلىقلار يەتكەي، ھەربىر كىشىنىڭ ھالى نېمە بولغاي؟
— شاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئالىم مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— قىيامەتنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇ خۇددى مۇشۇ ھامماملىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ يەردە شاھ بىلەن گاداي بابباراۋەر ۋە ئوخشاش يالىڭاچتۇر. بىر ئوت ئۇلارنى سۈرۈپ بارىدىغان بولغاچقا كىشى كىشىنىڭ ھالىغا يېتىشكە ئۆز ھالى يار بەرمەيدۇ. بارلىق مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى ساڭا ئوخشاش ئۆزى ئىچكىرىگە كىرگەندە، بار ـ يوقىنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالغان بولىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى نېمە يىغقان بولسا ئۇنىڭغا ئۆز ئىلمى ھەمراھتۇر، قىسقىسى سۇلتانلىقنىڭ ساڭا پايدىسى تەگمەيدۇ، ئەمما ئىلىمدىن ماڭا خاسىيەت كۆپتۇر.

بۇنىڭغا لايىق ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دېگەن: «ئەي نەۋائىي، ئىلىم ئىگىلەشنى ئۆزۈڭگە مەقسەت قىل، ئىلىم ئىگىلىگەن ئىكەنسەن، ئۇنى ئەمەلدە ئىشلەتكىن. ئەي ئىلىم بەرگۈچى، ماڭا ئىلىمنى يار قىل. كىمكى ئىلىمگە ئاشنا بولسا ئۆزىنى ئۇنىڭ يولىغا ئاتىغاي، خارەزملا ئەمەس، بەلكى خارەزم شاھىمۇ شۇنداق.

ئىلىم، نەۋائىي، ساڭا مەقسۇد بىل،
ئەمدىكى ئىلىم ئولدى ئەمەل ئەيلەگىل.

ساقىي ئوشۇل بادەنى تۇتقىل مۇدام،
كىم كۆرۈبان سەجدەغە تۈكەي ئىمام.

ئىچسە كىشى بولغاي ئاڭا خاكراھ،
ئايتما خارەزم كى خارەزم شاھ.»

— قىزىم، ئىلىم ئېلىشنىڭ، ئىلىم ئېلىش يولىدا رىيازەت چېكىشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
— ئىلىم ئېلىش ئەھمىيەتلىك ئىش، دادا، لېكىن تەپسىلىي شەرھلەپ بېرەلەمسىز؟
— بولىدۇ، چېچەن قىزىم، ئىلىم ئېلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى بەكلا چوڭ. بالام، ھەزرەت نەۋائىي ياش ۋاقتىدا ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ھەتتا چوڭ ياشقا بېرىپ قالغاندىمۇ ئۆگىنىشنى تاشلىمىغان. ئەينى دەۋردە پارسىي تىلدىلا شېئىرنى كامالەت بىلەن يازغىلى بولىدۇ، تۈركىي تىلدا پاساھەت، بالاغەتتە يېتىشكەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراش كۈچلۈك ئىدى. نەۋائىي بولسا تۈركىي تىل بالاغىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلدا يازغان ھەم مۇنداق دېگەن: «تۈركىي تىلنىڭ ئىمكانىيىتى چەكسىزدۇر. تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى ئەڭ نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ مەخسۇس سۆزلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ۋە ئالىملىرى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگۈچە باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: دومسايماق، ئۇمۇنماق، ئاۋۇنماق، قىستىماق، مۆڭلانماق، ئىزدىمەك، تېرىكمەك،

سىيپــىماق، بۇخســىماق، ئىگرىمــاق... دېگەنگــە ئوخشــاش ئاجايىپ نازۇك ئۇقۇملارنى ۋە ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئاشۇنداق مەنە ئۇچۇن سارت (پارس) تىلىدا لايىق سۆز تېپىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق مەنىلەرنى ئۇقتۇرماق بولسا، بىر قانچە سۆزدىن تەركىب تاپقان ئۇزۇن، ئۇزۇن جۈملىلەرنى تۈزۈشكە، ھەرىكەتنى بىلەن ئىپادىلەشكە بولمىغان يېرىدە ئەرەب تىلىدىن سۆز ئارىيەت ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تۈركىي تىلدا بولسا نازۇك ئۇقۇملار بىر سۆز بىلەنلا تولۇق ئۇقتۇرۇلىدۇ. تۈركىي تىلنىڭ بۇنداق ئىپادىلەش قۇۋۋىتى ۋە بۇ گۆھەر، دۇرلار نەزم يىپىغا تىزىلغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن گۈزەللىكىگە ھېسسىيات دەرياسى جۇش ئۇرىدۇ.»

دېمەك بالام، تىرىشچانلىق دېڭىزىدا قانچە كۆچسەڭ، شۇنچە كۆپ دۇر - گۆھەرلەرنى قازغىلى، بىلىم بايلىقىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەمدى سىزگە «ئەييۇب خەلەف بىلەن ئوغرىنىڭ ھېكايىسى» نى ئېيتىپ بېرەي.

## ئەييۇب خەلەف بىلەن ئوغرىنىڭ ھېكايىسى

بىر كېچە ئەييۇب خەلەف ياش تۆكۈپ ئىبادەتتە ئولتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى دېڭىزغا ئوخشىسا، كۆيۈشلىرى گويا شامنىڭ ئۆزى ئىدى. خىلۋەتتىكى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇشلىرى قۇتىدىكى ئېسىل گۆھەرنى ئەسلىتەتتى.

بۇ كېچە بىر تام تېشەر ئوغرى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىش ئۈچۈن تۆشۈك تەشمەكتە ئىدى. تۈن بويى يەر تۈۋىنى كولاپ، ئاخىرى سارايي ئىچىدىن باش چىقاردى. ئەييۇب ئۇنى كۆرۈپ ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، تىن تارتمىدى. ئىبادەتتە بولۇپ، ئۇنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئوغرى تۆشۈكتىن چىقىپ، ئۆيدە نېمە بولسا ھەممىنى يىغدى ۋە ئۇلارنى باغلاپ ئارقىسىغا تاڭدى. ئۇ لەخمىگە كىرىۋىدى، تۆشۈك كىچىك، يۈك چوڭ بولغاچقا سىغماي قالدى. گويا تار كامارغا پاتمىغان چاشقان قۇيرۇقىغا غەلۋىر باغلىۋالغاندەك ئەھۋال يۈز بەردى. ئەييۇب ئۇنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە يول كۆرسەتتى:

— يۈكۈڭ چوڭ، لېكىن كولىغان تۆشۈكۈڭ كىچىك، كەل، ئىشىك ئوچۇق، يول بىلەن ماڭ!

ئوغرى يول تاپالماي قىلىۋىدى، ئەييۇب ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى. بىرەرسىگە ئاشۇنداق يول كۆرسەتسە، ئۇ يەنە باشقا يولدا ماڭارمۇ؟ ئوغرى بۇنىڭدىن ناچار ھالغا چۈشتى، بۇ ئېغىر يۈك ئۇنىڭ قەددىنى ئەگدى. بىر ئوت ئۇنىڭ جېنىغا دەردلىك يالقۇن سالدى، بۇ ئوتتىن گويا كۆك ئاسمانمۇ كۆيگەندەك بولدى. ئۇ ئۈستىدىكى يۈكنى بۇ ئوتقا تاشلاپ، يۈكىنىمۇ، ئۆزلۈكىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. مالامەت رەنجى ئۇنى چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ، خىجالەت ئوتى خەس كەبى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. نەرە تارتىپ سەلدەك ياش تۆكۈپ، شەيخنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. بۇ خىل كەڭچىلىك ۋە ئەپۇ ئوغرىنىڭ

تىلىنى لال قىلدى، ياخشىلىق يوكى ئۇنىڭ جىسمىنى هالسىزلاندۇردى. شەيخ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، بېشىنى توپىدىن ئالدى. قىسقىسى، ئۇ كامالەت ئىگىسى پەرۋىش قىلىپ، بىر ئەپۇ بىلەن شۇنچە چوڭ ئىشنى تەۋرەتتى.

بۇنىڭغا لايىق ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دېگەن:

«ئەي نەۋائىي، سەنمۇ تەلۋىلىك نىيىتىنى تاشلاپ، بىر ئېتەكنى تۇت. ئەي ساقىي، گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىپ، قولۇمنى تۇت.جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى، تېز بول، ئاب هايات بىلەن قۇتۇلدۇر. سەۋر قىلما، نوھنىڭ ئۆمرى ئەييۇبنىڭ ئۆمرىچە يوق.

شۇنداق قىزىم، دانالار ئەمرى «ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى توسىغىن» دېگەن. دەرۋەقە ئاقىللار هەم هېكمەت ئىگىلىرى هەرگىزمۇ ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە كۈچىمىگەن، نەپسى ئۈچۈنلا ياشاشنى نومۇس بىلگەن.

جېنىم قىزىم، هاياتتا نۇرغۇنلىغان كۈلپەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ، تۇرمۇش ئۇنىۋېرسىتېتى سىزگە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. ئەمما شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولۇشى كېرەككى، ئۆز مەنپەئىتىڭىز ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى قۇربانلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

— سۆزىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن، جان دادا.

— ئەمدى مەن سىزگە «ياقۇتنىڭ هۆسنخەت شاراپىتىدىن

شاھ ۋە دەرۋىش ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى» توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي.

## ياقۇتنىڭ ھۆسنخەت شاراپىتىدىن شاھ ۋە دەرۋىش ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى

ناھايىتى بىلىملىك بىر شەيخ بىر كۈنى خەلىپىنىڭ ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. خەلىپە ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ تەختكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئاۋۋال شەيخ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى ئولتۇردى. بۇ چاغدا گويا ئىككى گۆھەر بىر قۇتىغا، ئىككى يۇلتۇز بىر بۇرجقا جايلاشقاندەك ئەھۋال يۈز بەردى.

شەيخ ئەدەپ ۋە تەرىقەت توغرىسىدا سۆز ئاچاتتى، خەلىپە بولسا يەرگە تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. تەخت تۆۋىنىدە بولسا پاكزادە ۋە شاھزادىلەر ئورۇن ئالغان ئىدى. بىر چاغدا شەيخ كىشىلەر توپىغا نەزەر تاشلاپ، ياقۇت ئىسىملىك خەتتاتنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇ چاغدا خەلىپە ھەيرانلىق بىلەن مۇنداق سورىدى:

— ئەي بارلىق ھوشيارلار ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراق بولغان، پادىشاھلار خەزىنىسى قۇللۇقى ئۈچۈن بەخش قىلىنغان كىشى، ئۇنىڭغا بۇ ئالىي مەرتىۋە قەيەردىن كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ سۆيەت ئېھتىرام بىلدۈرىسەن؟

ــــ ئاللا، ــــ دېدى شەيخ، ــــ ھېچقانداق كىشىگە مۇندىن ئۆتە ئورۇن ـ مەرتىۋە ئاتا قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىشى كىتاب پۈتمەك بولۇپ، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر. ئۇ ھەق سۆزگە زىننەت بەرگىنى ئۈچۈن ئۇنى ھۆرمەتلىمەك ۋاجىپتۇر.

شاھ بۇنى بىلگەندىن كېيىن ياقۇتنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردى. مەلۇم بولدىكى، ھۆسنخەت شاراپىتىدىن بۇ پاك ئىلىك كىشى شەيخ ۋە شاھ بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇردى.

بۇنىڭغا لايىق ئەل ئەمىر ھەزرەت نەۋائىي مۇنداق دېدى: «ھەرقانداق سۆز يازماقچى بولساڭ، ھەق سۆزدىن باشقىغا قەلەم سۈرمە، ئەي پاكلىقنى ئاتا قىلغۇچى، ماڭىمۇ ئاشۇخىل پاكلىقنى بەخشەندە قىل، مەنمۇ ئەشۇنى ئىچىپ، ئاقىبەتتە يۈزۈمنى يورۇق قىلاي.

بىلكى نەۋائى، نې سۆز ئېتسەڭ رەقەم،
ھەق سۆزىدىن ئۆزگەگە ئۇرمىغىل قەلەم.

ساقىي، ئالىپ كەل مەيى ياقۇت رەڭ،
قۇي خەتتى بەغدادگەچە بىدەرەڭ.

تۇت ماڭا ئول بادەنىكىم قۇت ئېتەي،
كەھرەبا رەڭگىنى ياقۇت ئېتەي.»

— شۇنداق، قىزىم، ئىلىم ساھىبلىرىدىن ھۆرمەتلىك ئادەم يوق. ئىلىم ساھىبلىرىنى دوست تۇتۇش كېرەككى، ئىلىمنى دۈشمەن بىلىدىغان، ئىلىم ئىگىلىرىنى خارلايدىغانلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك. تارىختىن بىرى ئىلىم ئىگىلىرى قانچە ئۇلۇغلانسا، ئىلىم دۈشمەنلىرىنىڭ ھالاكىتى، ئاخىرىدىكى تارتقان خارلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويغا چۆمدۈرىدۇ.

— ئەمدى سىزگە «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىكى «ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتى» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي.

## ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتى

جاھانگىر شاھ ئىسكەندەر پۈتۈن جاھان مۇلكىنى ئىگىلىگەن تەخت ئىگىسى ئىدى. ئۇ قەيەرگە يۈرۈش قىلسۇن، ئۇ تەسەررۇپىغا ئالمىغان بىرمۇ جاي قالمىدى. مەيلى قۇرۇقلۇق بولسۇن، مەيلى دېڭىز - ئوكيانلار بولسۇن ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمر - ھۆكمى ئاستىغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇ بۇ يېشىل گۈمبەز ئارا ئۆز نامى بىلەن خۇتبە ئوقۇتۇپ، ئادالىتىنى ھەممىلا يەرگە يايغان ئىدى. باشقا شاھلار ئۇنىڭ قۇللۇقىنى ئىختىيار قىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى. شاھلىق، ئەۋلىيالىق ۋە ئەنبىيالىق سۈپىتى ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان بولۇپ، سىررۇنلىرى ھېكمەت بىلەن تولۇلەتتى. ئۇ ئۇلۇغ شاھلار زاتىدىن بولۇپ، جاھاننى كۆرسەتكۈچى قەدەھ ئۇنىڭغا جاھاننەما ئەينەك ئىدى.

يەتتە ئاسمان ۋە يەتتە ئىقلىم ئۇنىڭ ئەمرى ـ ئىدارىسىدە ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇنداق ھۇمايۇن قانات، خۇش تەلەي شاھ پانىي ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىدە ئاجايىپ زەئىپلىك ۋە بىچارىلىكنى سەزدى. ئۇنىڭ نە ھۆكۈماسى بولسۇن، نە خىزمەتچى ـ قۇللىرى بولسۇن ھېچقايسىسى ئارا تۇرالمىدى. بارلىقى بۇ يېشىل باغ ئارا قېلىپ، ئۆزى قارا تۇپراققا سەپەر قىلماقچى بولدى. بۇ زاۋاللىق ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىچىنى بوشاتتى:

ـــ مانا ھازىر بىچارىلىك بىلەن كېتىۋاتىمەن، مەن شاھقا بۇ دۇنيادىن كۆچۈش نۆۋىتى يەتتى. كىمدە كىم ھىممەت ئىگىسى بولسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا ۋەسىيىتىم شۇكى، ئۇلۇغلۇق بوستانىنىڭ قۇشى مەندىن ئۇچۇپ، جەسىتىمنى تاۋۇتقا سالسۇن، قەبرىگە ئېلىپ ماڭغاندا، بىر قولۇمنى جىنازىنىڭ يېنىدىن چىقىرىپ قويسۇن. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ، ئاشۇ قولغا ئىبرەت كۆزى بىلەن باققاي ۋە يەتتە ئىقلىم پادىشاھى ھەم يەتتە ئاسمان سىرلىرىنى بىلگۈچى جىسمىدا جان يوق بۇ جاھاندىن قۇرۇق قول كېتىۋېتىپتۇ دەپ بىلگەي، كىمكى دۇنيا مۈلكىنى ھەۋەس قىلسا، مۇشۇ قول مىسالى ئۇنىڭغا بەس بولغاي.

بۇنىڭغا مىسال قىلىپ ھەزرەت نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا «ئەي نەۋائىي، بۇ

جاھاندىن قول ئۈز، جاھاندىنلا ئەمەس جان جەۋھەرىدىنمۇ قول ئۈز. ئەي بىلگۈچى ۋە بەرگۈچى زات، مېنىڭمۇ قولۇمغا ئىشرەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكىنى بەر.»

تارت نەۋائىي بۇ جەھاندىن ئىلىك،
قايسى جەھان، جەۋھەرى جاندىن ئىلىك.

ساقىي ئېرۇر كامى دىلىم مەستلىق،
مانىئى ئېرۇرلىك تەھى دەستلىق.

لۇتف ئىلە بەر ئىلكىمە مەي جەۋھەرى،
مەي نىكى ئايىنەئى ئىسكەندەرى.

— قىزىم، ئەمدى سىز پۈتۈن جاھاننى چاڭگىلىغا ئالغان بىر ھۆكۈمدارنىڭمۇ قۇرۇق قول ئۇ دۇنياغا كەتكىنىنى ئاڭلىدىڭىز. بۇنىڭغا قارىتا قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭىز؟

— ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىزكەن، دادا.

— ماقۇل، ئۇماق قىزىم. بۇنىڭغا لايىق بىر ھېكايەت بار.

## چىن گۈزىلىگە ئاشىق بولغان يىگىتنىڭ ھېكايىسى

چىن مەملىكىتىدە بىر نازىنىن گۈزەل بار ئىدى، ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىشتا چىن رەسساملىرىمۇ ئاجىز كېلەتتى.

جامالى خوتەن گۈلزارىغا مىسال بولسا، كۆزلىرى بۇ گۈلزاردىكى ئېپار كېپىكىنى ئەسلىتەتتى. نۇرلۇق چىرايىدىن چىن سۈرەتلىرى جىلۋىلەنسە، خۇش پۇراق چاچلىرىدىن خوتەن ئېپارى ئەكس ئېتەتتى. ناز ـ كەرەشمىسى جانلارنى، جانلارنىلا ئەمەس، بەلكى خانلارنىمۇ ئەسىر قىلاتتى. خۇلق ـ نازلىرىدىن چىنغا خەتەر يەتسە، ئۆرۈمە چاچلىرى بىلەن زۇننارىدىن دىنغا نۇقسان كېلەتتى. جاھان ئەھلى ھۆسنىنىڭ شەيداسى بولسا، جاھان شاھلىرى چاچلىرىنىڭ سەۋداسى ئىدى.

ئۇ گۈل يۈزلۈك گۈزەل ئات ئۈستىدە ئوينايدىغان چەۋگان ئويۇنى ئويناش ئۈچۈن دائىما مەيدانغا باراتتى. خان ئۆزى ھەمراھ بولالمىغاچقا، ئۇنىڭغا بىر نەچچە قورۇقچىنى قوشۇپ قوياتتى. كىمكى ئۇنىڭغا كۆز سالسا ياكى ئۇ توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز قىلسا، بۇ قورۇقچىلار خانغا ئەرز قىلىپ ئۇلارنى جازاغا ھۆكۈم قىلاتتى. مۇشۇ بالا بىلەن قانچىلاپ دەردمەنلەر ھالاك بولمايدىغان بىر كۈنمۇ يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت يولىدا سادىقلىق بىلەن ئۆتۈۋاتقان، يىللار بويى قان يۇتۇپ، ھىجران ئوتىدا كۆيۈۋاتقان بىر يىگىت بىر بۇلۇڭدا دەرمانسىز ياتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قورۇقچىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات سېلىپ كېلىشتى. بىچارە ئاشىق تولىمۇ زەئىپ بولغاچقا، قارشىلىق قىلالماي يەرگە يىقىلدى. قاراۋۇللار ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، يەنە باشقا دەردمەنلەر بىلەن خاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. خان بۇ بىچارە ئەسىرلەرنى كۆردى ـ دە، غەزەپ بىلەن مۇنداق

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈم قىلدى :

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەرگە بېسىپ، ئۇستى-ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ تام سوقۇڭلار، پەقەت يۈزلىرىلا لايدىن تاشقىرى چىقىپ تۇرسۇن، بۇنى كۆرگەن خەلق ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئازابلىنىپ ئۆلسۇن، كىشىلەرمۇ بۇ قەھرۇغەزەپنى بىلسۇن! — قورۇقچىلار بۇ جاپاكارنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، قانداق ھۆكۈم قىلغان بولسا، شۇنداق بەجا كەلتۈردى. قۇياش تاغ ئارا باش قويۇپ، سالقىن شامال ئىپار ھىدىنى تارقىتىۋاتقان بىر مەھەلدە، خان كەچلىك بەزمە ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا ئاتلاندى. مەينىڭ كەيپى ئۇنىڭ بېشىدا بولسا، ئىشق ئوتى جېنىدا ئىدى. شەھەرنىڭ غوۋغالىرىمۇ تېخى قۇلىقىدىن كەتمەس ئىدى. شاھ يول يۈرۈپ ھېلىقى تۇتقۇنلار بېسىلغان جايغا كەلدى. پۈتۈن ئەتراپنى نالە - پەرياد قاپلىغان ئىدى. شاھ توپتىن ئايرىلىپ، ئۇ تەرەپكە كۆز تاشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆلگەن بولۇپ، ئىشق يولىدا بالدۇرلا جېنىدىن ئايرىلغان بولسا، بەزىلىرى ئۆز ھالى ئۈچۈن دەرد - پەرياد چېكىشەتتى، نادامەت - پىغانلىرى تۆگەپ جان تالىشاتتى.لېكىن ھېلىقى پاك دىل ئاشىق ئىشق كەلتۈرگەن بۇ بالادىن خۇشال ئىدى. زەئىپ ۋە چىرايى سارغايغان بۇ يىگىت مۇشۇ ھالى بىلەن گويا تام ئارىسىدىكى سامانغا ئوخشايتتى. ئۇ ھەردەم تەڭرىگە سېغىنىپ، شۈكۈر قىلماقتا ئىدى: «بۇ نەپەس جان بىلەن ۋىدالاشماقتىمەن، يارنىڭ غېمى بۇنى ئاسان قىلغۇسىدۇر». ئۇ جان ئۈزۈشكە ئىككى - ئۈچ نەپەس

قالغـانـدىمۇ، پـەقەت «يـار» دېگـەن بـىـرلا سـۆزنى تـەكرارلايتتى. ئۇنـىڭ تـىلـىدىـمـۇ، دىـلـىدىـمـۇ، سـۆزىدىمۇ، كـۆزىدىمۇ «يار» ئـىدى. بۇنـى كـۆرگـەن جاپـاكار ھـۆكۈمدار كـۆڭـلـىگـە ئـىشـق ئوتـى تـەسـىر قـىلـىپ، ئاشـىقنى ئۆلۈمـدىن خالاس قـىلـدى ۋە ئۇنى يـار ۋىسـالـىغا يەتكۈزدى. قارا، ئۇ ئاشـىق ئـىشـقـىنىڭ بالالىرىغا شۈكۈر قىلغان ئـىدى، بەگـلـىك مـەرتـىۋىسـىگە يەتتى.

بۇنـىڭغـا مـىسـال قـىلـىـپ ھـەزرىتى نـەۋائـىي ئـۆزىنـىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» نامـلىـق داستانـىدا «ئەي نەۋائـىي، بۇ نەپەسـنى غەنـىيمەت بـىل، لېكـىن ھـەر نەپەسـتە ‹شۈكۈر› دە . ئـەي سـاقـىي، رەھـدار مەي ئۈچۈن ئۆلمەكتـىمـەن، مەي ئۈچۈن ئەمـەس، بـىـر چـىن گۈزەلـى ئۈچۈن جان بەرمەكتـىمـەن. مېنـى چـىن قاچـىلـىرى بـىلـەن مەست قـىل، چـىنـلـىقلارغا ئوخشاش قـىلـىۋەت.» دېگەن ئـىدى.

— ئـەمدى قـىـزىم سـىزگـە «شـاھ بـىلـەن قۇلـنـىـڭ ھېكايـىسى» نى سۆزلەپ بېرەي.

## شاھ بـىلەن قۇلـنىڭ ھېكايـىسى

بـىـر كـەرەمـلـىك شـاھ بـار ئـىدى، كـەرەم ۋە ياخشـىلـىقـىدىن خەلقمۇ ئـىززەتلـىك ئـىدى. ئۇنـىڭ خـىزمـىتـىدە يۈرگـەن بـىـر قـۇل بولـۇپ، كۈنـى شـاھنـىڭ تامـاق ـ تـەمـىناتـىغا مەسـئۇل بولـۇش بـىلەن ئۆتەتتى. بـىر كۈنى شـاھ بەزمـىسـىدە ئاش تارتـىلـىۋاتقاندا، ئـۇ شـاھقا ئـاش سـۇنۇۋېتـىپ، تاشـقا پۇتلـىشـىـپ كـەتتى ـ دە، قـىـزىق ئـاش شـاھنـىڭ بېشـىغا تـۆكۈلدى. كـىشـىلـەر بـۇ ھـالـنى

كۆرۈپ: «بۇ گۇناھى ئۇچۇن ئۇ چوقۇم ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ» دېيىشتى. شاھ ئۇنى ناشادلىق ئىلكىدە كۆرۈپ، ئىلتىپات كۆرسىتىش بىلەن كەچۈرۇم قىلدى. ۋەزىر دېدىكى:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، ئۇنىڭغا تىغدىن باشقىسى لايىق ئەمەس ئىدىغۇ؟ ! — شاھ ئۆز ياخشىلىقىدىن زوقلانغان ھالدا:

— ئۇنى خىجالەت ئۆلتۈرۈپتىغۇ، سىياسەت تىغىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، ئۆلۈكنى يەنە ئۆلتۈرمەك نە ھاجەتتۇر؟! — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭغا مىسال قىلىپ ھەزرەت نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا «ئەي نەۋائىي، ئەمدى شۇكرانە شارابىنى ئىچ، قەدەھ قانچە كۆپ بولسىمۇ ئىچىۋەر. ئەي ساقىي، كۆپ ـ كۆپلەپ قەدەھ كەلتۈر، يالغان ئېيتتىم، قەدەھ ئەمەس، بەلكى مەيخانىنىڭ ئۆزىنى كەلتۈر. مەن ئۇ مەينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتەي، ئىچىۋېتەي ـ دە، ھەردەم ھوشۇمدىن ئايرىلاي» دېگەن ئىدى.

— جان قىزىم، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

— دادا، بۇ ھېكايىدىن ئەپۇنى دوست تۇتۇشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ خىسلەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم. ئەمدى مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۇنى ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا سىزگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— بولىدۇ، چېچەن قىزىم.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سىنىپىمىزدا ئەكرەم دەيدىغان بىر ساۋاقدىشىمىز بار ئىدى. ئۇ دەسلىپىدە دەرستە بەك ناچار ئىدى. ئوقۇتقۇچى سوئال سورىسا، سورىغان سوئالغا پەقەتلا جاۋاب بېرەلمەي تىرناق كولاپ تۇراتتى. ھېچقايسىمىز ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتۇق. ھەتتا مەسخىرە قىلىشاتتۇق. ئۇ بۇ ھالدىن خىجىل بولۇپ گاھىدا «پاڭگىدە» ئېتىلىپ يىغلاپ كېتەتتى. خۇددى ھەممىمىزنىڭ باشقا ئىشىمىز يوقتەك شۇنىلا مەسخىرە قىلاتتۇق. ئۇ قول كۆتۈرمىسە تېخى ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارايتتۇق. ئەگەر قول كۆتۈرگۇدەك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا قاراپ قانداق قىلىدىغىنىغا دىققەت قىلاتتۇق. ئەمما كېيىن بۇ ھالەت ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ھەردائىم قول كۆتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما بىلمىدۇق، ئۇنىڭدىن سوئال سورىلىپ قالسىلا ئۇ چوقۇم جاۋاب بېرەتتى. ئەگەر سورىمىسا ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ سىنىپتىكى ئەڭ دۆت ئوقۇغۇچىدىن كېيىن دەرستە خېلىلا ئىلگىرىلىگەن ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئۆتتى. ھەر قايسى دەرسلەردىمۇ قول كۆتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان، سوئال سورىسا جانلىق جاۋاب بېرىپ ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ رازى قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ تېز ئىلگىرىلىدى. ئەمدى ھەممىمىز ئۇنىڭ بىلەن قالمايدىغان، ئۇنىڭ قول كۆتۈرۈش - كۆتۈرمەسلىكى بىلەن كارىمىز بولمايدىغان بولدى. ئەمما ئۇ ھەمىشە قول كۆتۈرەتتى. سورىسا چوقۇم توغرا جاۋاب بېرەتتى. ئەمدى ھەممىمىز ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىشكە باشلىدۇق. ئەمما مەن ئۇنىڭ شۇنچە تېز ئىلگىرىلىشىدىكى سىرنى بىلەلمەي

ھەيران ئىدىم.

بىر كۈنى سىنىپتا ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئەكرەم، سىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىڭىزنىڭ بۇنچە تېز ئىلگىرىلىشىدىكى سەۋەبنى دەپ بېرەلەمسىز؟

ئۇ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردەم تۇرۇپ قالدى ۋە پىچىرلاپ دېگۈدەك:

— سىز ئەقىللىق قىز. بۇنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ. ئەسلىدە مەن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي سىلەر مەسخىرە قىلغاندا شۇقەدەر ئازابلىنىپ كېتەتتىم. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي يىغلاپ تاشلايتتىم. كېيىن مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى مۇئەللىم بىلىپ قېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن سورىغان سوئالنى بىلسەڭ ئوڭ قولۇڭنى كۆتۈر، بىلمىسەڭ سول قولۇڭنى كۆتۈر. شۇندىلا ئوقۇغۇچىلار مەسخىرە قىلالمايدۇ. مەنمۇ سول قولۇڭنى كۆتۈرگەندە سورىمايمەن، شۇنداق قىلساق بولامدۇ» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ مۇئەللىم ئىككىمىزلا بىلىشىدىغان بىر توختام تۈزۈلدى ۋە دائىم شۇنداق قىلدۇق. مەن بىلەلمىگەندە سول قولۇمنى كۆتۈرسەم مۇئەللىم ماڭا مېھرىبانلىق نەزىرىدە قاراپ قويۇپ باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى. ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرسەم ئۇ مەندىن سورىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىش نەتىجەم بارغانسېرى يۇقىرىلاشقا، ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرىدىغان قېتىم سانىم جىقلاشقا باشلىدى. كۆرۈپ

تۇرۇپسىز، ئۆگىنىشتىمۇ ئالغا باستىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ دانا تەدبىرىگە ھەم مەن ئۈچۈن كۆيۈنگىنىگە بىر ئۆمۈر رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئەكرەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دەرستە ھەمىشە قول كۆتۈرۈپلا تۇرىدىغىنىنى، مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق نەزىرىدە قاراپ تۇرغىنىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندەك بولدۇم...

قىزىم ھېكايىسىنى تۈگىتىپ ماڭا قاراپ ئۇماققىنا كۈلدى. مەن سەبىيلىك ۋە بىغۇبارلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ:

— رەھمەت قىزىم، ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ھېكمەت ـ ھېكايەتلىرىنى ئاڭلاپ سىزنىڭمۇ بۇنچە ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى، ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغىنىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن. داۋاملىق تىرىشىڭ، نەۋائىي خەزىنىلىرىدىن ھەردەم ئوزۇق ئېلىپ روھىيىتىڭىزنى كۈچلەندۈرۈڭ...